ئەبۇ ھامىد غەززالى

# ھىدايەت قوللانمىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇساجان باقى

تەھرىر ئا.تۇرسۇن (پاراسەت)

كىرىش سۆز ........................................................................ 3

ئىمام غەززالىنىڭ تەرجىمھالى ................................................. 7

بىرىنچى قىسىم .................................................................... 15

تائەت-ئىبادەت توغرىسىدا ................................................ 16

--ئۆيقۇدىن ئويغانغاندا قىلىدىغان ئەمەللەر توغرىسىدا-- ....... 20

--ھاجەتخانىغا كىرىشتىكى ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا--.......... 21

--تەرەت ئېلىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر توغرىسىدا-- ................ 22

--تەيەممۇمنىڭ ئەدەب-ئەخلاقى توغرىسىدا-- ......................... 25

--مەسجىدكە چىقىشتىكى ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا--............ 26

--كۈن چىققاندىن كېيىن چۈشكىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى

ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا-- ............................................ 32

--بامداتتىن باشقا نامازلارغا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا-- ....... 35

--ئۇخلاشتىكى ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا-- .......................... 38

--نامازدىكى ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا-- ........................... 40

--ئىماملىقتىكى ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا-- ........................ 43

ـ ـجۈمە نامىزى توغرىسىدا ـ ـ ............................................ 45

ـ ـروزا تۇتۇشتىكى ئەدەب ـ ئەخلاق توغرىسىدا ـ ـ ...................... 47

ئىككىنچى قىسىم ............................................................... 48

گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ساقلىنىش توغرىسىدا .................................. 48

قەلبنىڭ جىنايەتلىرى توغرىسىدا .............................................. 57

ئۈچىنچى قىسىم ............................................................... 66

خالىق ۋە خالايىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ھەمسۆھبەت توغرىسىدا

.......................................................................................... 67

ھەمراھلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقى ..................................................... 73

ئاخىرقى سۆز...................................................................... 78

# كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن
جىمى ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر. رەھبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە سالاملار بولسۇن!

«ھىدايەت قوللانمىسى» دېگەن بۇ ئىسىم مەزكۇر كىتابقا بېرىلگەن مۇۋاپىق نام بولۇپ، اللەقا ئىلتىجا قىلغۇچىنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر؛ ئۇزۇپ يىگۈچىلەر ئۈچۈن پىشقان مېۋىدۇر؛ قاغجىرىغانلارنى قاندۇرىدىغان شېرىن-شېكەر شەربەتتۇر. كىتابتىن ئېسىل شېرىن بۇلاقلار ئېتىلىپ تۇرىدۇ، ئىستىقامەت جىلغىلىرىغا ھېكمەت كەبى يامغۇرلىرىنى تۆكىدۇ. قانداقمۇ ئۇنداق بولمىسۇن-ھە؟ چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى «ئىسلام ھۆججىتى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان، ئالىملارنىڭ چىرىقى سانالغان ئۇستاز ئەبۇ ھامىد غەززالى-دە! بۇ زاتنىڭ مەرتىۋىسىگە پۈتكۈل كىشىلەر قول قويۇشتۇردى، پەزىلەت ئىگىلىرى بۇ كىشىنىڭ مەرىپەتتىكى يۈكسەكلىكىگە باش لىڭشىتىشتى. اللە بۇ كىشى سەۋەبلىك دىنى ئىلىمنى ئېھيا قىلدى، بۇ زاتنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئاتالمىش پەلسەپىلەر بىتچىت بولدى، زىندىقلارنى ئوسال ھالغا چۈشۈردى.

كىتابنىڭ ھەجىمى كىچىك بولسىمۇ ئۈنۈمى زور، مەزمۇنى ناھايىتى مول. ئۇنىڭدىن ئىلاھى ئىلھام جۇش ئۇرۇپ، گۈزەل قۇرلىرىدىن ئىخلاس نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇشبۇ كىتاب مۇسۇلمانلارنىڭ ھەمراھى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەكچىسى ۋە تەقۋادارلارنىڭ سۆھبەتچىسى بوپقالغۇسى. چۈنكى كىتابتا دەسلەپكى ئاساسلار بولۇپ، تەۋپىق چىرىقى يورۇغان ۋاقىتتا ئوقۇرمەننى ھىدايەتنىڭ گۈزەل باغچىلىرىغا باشلايدۇ. ئەسەر شەرقچە ياكى غەربچە ئۇسلۇپتا بولسۇن، ئەجابىي ياكى سەلبىي بولسۇن، قەلەم ساھىپلىرى

كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، بۇ پەقەت بايان قىلىش، مەزمۇن ئىپادىلەش كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك. تەسنىفات ئىجادىيىتىدە ئاشۇ يازغۇچىلاردىن پەقەت بىر بۆلۈك ئالىملارلا بۆسۈپ چىقتى، مۇشۇلاردىن غەززالى بولۇپ، بۇ زات مۇشۇ مەيداندا كۆزگە كۆرۈنگەن، بايان قۇۋۋىتى يۇقىرى يىتۈك شەخستۇر. خۇددى ئىمام پەخرىدىن رازى ئېيتقاندەك، اللە پۈتكۈل ئىلىمنى بىر گۈمبەزگە جۇغلاپ غەززالىغا بىلدۈرگەن ئوخشايدۇ.

تۆۋەندە توغرا چۈشىنىلمىگەن بىر سۆزنى ئىزاھلاپ ئۆتەيلى، ئۇ بولسىمۇ «ئىسلام ھۆججىتى» غەززالىنىڭ سۆزى ئىدى. «مېنىڭ ئىلمىدا بىلىدىغىنىم ئازدۇر» بۇ سۆز بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن بولۇپ، بۇ زاتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان كەلىمە ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز ئۇ كىشىنىڭ كەمتەرلىكى تۈپەيلىدىن دېيىلگەن سۆز ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىس ئىلمىدە قانچىلىغان ئالىملار بار ئۇ سۆزنى دېگەن؟ ئاشۇ سۆزنى دېيىشكە كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بىز بۇ ئېسىل زاتلارنىڭ تارىخىنى ئوقۇساق، ئۇلارنىڭ اللە ئالدىدا ناھايىتمۇ ئەدەبلىك، اللەنىڭ پەزلى-رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى، اللەقا ئۆزىنىڭ مىسكىن ھالىتىنى تولۇق رەۋىشتە بىلدۈرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇلارمۇ شۇ ئىزگۈ ئەخلاق بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن.

ئىمام غەززالى يۇقىرىقىلارنىڭ ئۈلگىسى. ئىنسان پەرۋەردىگارىنى تونۇغانسىرى اللەغا بولغان ھۆرمەت ئاشىدۇ، ئۆزىنى ناھايىتمۇ تۆۋەن، كەمتەر تۇتىدۇ، خۇددى ئىلىمغا چۆككەنسىرى بىلىمى ئاز كۆرۈنگەندەك. ئىمام شافىئى (اللە ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) توغرا ئېيتقان:

زامان ماڭا ئىش ئۆگەتكەنسېرى،
ھىس قىلىمەن ئۆزۈمنى ئەقلىدە كەمتۈك .
ئىلىم-ئىرپاندا ئىزدەنگەنسېرى،
بىلىنۇر ماڭا جەھلى ئىلىمسىزلىك .

«ئىسلام ھۆججىتى» غەززالى ئالتۇن دەۋىردە ياشىغان بولۇپ، بۇ دەۋىر گېگانت شەخسلەر، مۇجتەھىد ئالىملار بىلەن تولغان ئەسىر ئىدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئالىملار ئۆزىنى غەززالىغا ئاتاشقان ئىدى.

تولىمۇ ئەپسۇس! ئالدىراڭغۇلۇق، كۈلپەت كۆپىيىپ كەتتى. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەرمۇ شۇ زاتلارنى ئەيىپلەيدۇ ئەمەسمۇ!؟ بۇلارنى ئەيىبلىگەنلىك ئۆزىنى ئەيىبلىگەنلىك، بۇ ئەيىبلەشنىڭ تېگىدە شەكسىز بىلىمسىزلىك يوشۇرۇنغان. خۇددى «ئىلىمى ئاز كىشىنىڭ تەنقىدى كۆپ بولۇر» دېگەندەك.

بەشىنچى ئەسىردىن بۇيانقى پۈتكۈل ئۈممەت ئۇ زاتنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى مۇجتەھىد ئىكەنلىكىگە قول قويىغان. مەلۇمكى مۇجتەھىد دېگەن سۈپەت ئىلىم-مەرىپەتتە يېتۈك ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ شەرئي ۋە ھەدىس ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام غەززالىنىڭ ھەدىس ئىلمىدە مەلۇماتى تۆۋەن دېيىش رىئاللىقتىن تولىمۇ يىراقتۇر.

ئىمام غەززالى شافىئى مەزھەپىدە بولسىمۇ، بىراق مەزھەپ ئايرىمچىلىقى ئاپتورنىڭ ئىبادەت ئۇسۇللىرى ياكى شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلار ۋە بەندىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە بىرلىك يۆنىلىشىنى ئاساس قىلغان. مانا بۇ كەڭ يۆنىلىشنى مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئىسلام ئۈممىتى بىرنەچچە مەزھەپكە ئەگەشكەن تەقدىردىمۇ، ھەممىسى ئاساسي مەسىلىلەردە بىردەكلىككە ئىگە.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر ھەربىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇسىدۇر.

ھەقىقەتەن ئىمام غەززالى جەمئىيەت ۋە پسىخلوگىيە ئىلىملىرىدە باشقىلارغا ئۇستاز بولۇش سالاھىيتىگە ئىگە مەشھۇر شەخستۇر، بۇ ساھەدە پىشقان دوختۇر ئىدى. ئۆتكۈر دانالىقى بىلەن خىلمۇ-خىل پسىخكا ھالەتلىرىنى بىلەتتى. روھي كىسەللەرگە شىپالىق دورىلارنى يازاتتى. مۇشۇ

ساھەدە بۇ كىشىنىڭ نەزىرىيەلىرى مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان دىيارلىرىدا داۋاملىق قوللىنىلىۋاتىدۇ.

ئاپتور بۇ ئەسىردە ئومومىي كىشىلەر پايدىلىنالايدىغان ئىخچام پروگراممىنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، كېچە-كۈندۈز يۈز بېرىدىغان ئىبادەت ۋە ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دائىرىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

# ئىمام غەززالىنىڭ تەرجىمھالى

**نام شەرىپى:**

**مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد غەززالى بولۇپ، تۇس شەھرىدىن. ئەبۇ ھامىد كىنايە ئىسمى، ‹ئىسلام ھۆججىتى› نامى بىلەن مەشھۇر.**

**تۇغۇلغان ۋاقتى:**

**غەززالى ھىجرىيە 450-يىلى (مىلادىيە 1058-يىلى) خۇراسان رايونىدىكى تۇس شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. خۇراسان شۇ دەۋردە ئالىملار ۋە دانىشمەنلەر تولغان شەھەر ئىدى. غەززالى مۇشۇ ئىلىم مۇھىتىدا ياخشى ئۆسۈپ يېتىلدى. ئائىلىسى توغرا نىيەتلىك، تەقۋادار ئائىلە بولۇپ، دادىسى ئىلىم ئەھلىنى ياخشى كۆرىدىغان سالىھ ئادەم ئىدى. ھالال ئەمگىكى بىلەن مېھنەت قىلاتتى، يۇڭ توقۇيدىغان كىشى بولۇپ، ئائىلىسىنى شۇ كەسىپ بىلەن تەمىنلەيتتى. ۋەز-نەسىھەت ۋە ئۆلىمالارنىڭ سورۇنىغا داخىل بولاتتى. دادىسى پىقھى دەرسگە قاتناشسا ئاللاھتىن پەقىھ پەرزەنت بېرىشنى تىلەيتى، ۋەز-نەسىھەت دەرسگە داخىل بولغاندا، ۋائىز پەرزەنت بېرىشنى تىلەيتى. اللە بۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. دېگەندەك بىر ئوغلى ئۆز زامانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پەقىھسى بولۇپ يېتىشتى. يەنە بىر ئوغلى ئەھمەد يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئۆتكۈر ۋائىز بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ نەسىھتى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر ھىدايەت تاپتى. دادىسى بۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتىسى ۋاپات بولۇش ئالدىدا غەززالى بىلەن ئەھمەدنى بىر دوستىغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان، دوستىغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىلىمسىز قالغان كىشى، مۇشۇ ئىككى نارەسىدە بالامنى قالدۇرۇپ قويغان مىراسنى ئىشلىتىپ ئوقۇتقىن». بۇ ھاۋالە قىلىنغان ياخشى كۆڭۈللۈك ئادەم ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاتىسى قالدۇرۇپ قويغان مىراس تۈگىگىچە ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيلىدى.**

ئىككى نارەسىدىگە مۇنداق دېدى: «سىلەر بىلسىلەر، ئاتائىلاردىن قالغان مال-دۇنيا تۈگىدى. مەن كەمبەغەل ئادەم، ئىككىڭلارنى باقىدىغانغا مېنىڭ ئىقتىسادىم يار بەرمەيدۇ. مېنىڭچە سىلەر ئەڭ ياخشىسى بىرەر خانىلىق مەدرىسكە ئورۇنلىشىڭلار، سىلەر ئۇ يەردە قورسىقىڭلارنى باقالايسىلەر، چىقىمىڭلاردىن خاتىرجەم بولىسىلەر». شۇنىڭ بىلەن ئىككەيلەننى مەدرىسكە ئەكىرىپ بەردى، مانا بۇ ئىككەيلەننىڭ كۆزگە كۆرۈنىشىگە سەۋەپ بولغان. بۇ غەززالىنىڭ «بىز الله ئۈچۈن ئىلىم ئالمىدۇق، بىراق بىلىم اللهنىڭ غەيرىگە بويى سۇنمىدى، ئەمما مىنىڭ ئىشىندىغىنىم پەقەت اللهدۇر» دېگىنىدۇر. شۇ ۋاقىتتىكى مەكتەپ تۈزۈمى ئىلىمغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ياتاق راسخوتلىرىنى كۆتۈرەتتى.

غەززالىنىڭ ئىلىم ئۆگۈنۈش جەريانى:

غەززالى دەسلەپ ئاتىسىنىڭ دوستى قولىدا تەلىم ئالدى. كيىن ئىنىسى ئەھمەد بىلەن مەدرىسكە كىردى. ياش ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە تۇستا ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد رازكاندىن ئىلىم تەھسىل قىلدى، بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇرجانغا بېرىپ، ئەبۇ نەسىر ئىسمائىلدىن تەلىم ئالدى. ئۇ ئوقۇغان بىلىملىرىنى خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭاتتى،ئۇ ھىرىسمەن ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئوقۇغان بىلىملىرىنى سىستىملاشتۇرۇپ ماڭاتتى.

غەززالى جۇرجاندىن تۇسقا قايتقۇچىلىك قاراقچىلار ھەممە نەرسىلىرىنى بۇلىۋالدۇ، يازغان خاتىرىلىرىنىمۇ ئېلىۋالدۇ. بۇنى غەززالىنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايلى:« ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، خاتىرەمنى قايتۇرۇپ بىرىڭلار. سىلەر پايدىلىنالمايسىلەر». قاراقچىلار:« نېمە خاتىرە ئۇ؟» دەپ سورىدى. «سىلەر تارتىۋالغان سومكىدا يازغان خاتىرىلىرىم بار ئىدى. شۇنى ييزىش، ئاڭلاش ئۈچۈن جۇرجانغا بارغان ئىدىم. بولمىسا ئۆگەنگەنلىرىم يوقاپ كېتىدۇ» دېدىم. «سېنىڭدىن خاتىرىنى ئېلىۋالساق يوقاپ كېتىدىغان قانداق ئىلىم ئىكەن ئۇ؟ يەنە بىر نەرسە بىلمەن دەپ

يۈرەمسەن؟» دېدى ھەمدە ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. ئاشۇ نەسھەتنى قاتتىق ئويلاندىم. تۇسقا بارغاندا يازغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىنى يادلىۋالدىم. ناۋادا خاتىرىلىرىم يوقاپ كەتسىمۇ ئۇنۇتمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدىم. غەززالىنىڭ ھىممىتى كىچىكىدە بولسۇن ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋاقتىدا بولسۇن پۈتكۈل ھاياتىدا مۇشۇنداق زور ئىدى .

غەززالىنىڭ نىشاپۇرغا بېرىشى ۋە ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىشى:

ئىمام غەززالى يەنە بىر قېتىم بىر بۆلەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا خۇراساننىڭ مەركىزى چوڭ شەھىرى نىشاپۇرغا سەپەر قىلىپ ماڭدى. نىشاپۇر ئىلىم ۋە تۈرلۈك ئالىملار كەڭ، مول مەدەنىيەت بىلەن مەشھۇر شەھەر ئىدى. بۇ يەردە ئىمام ھەرەمەيننى ئۇستاز تۇتتى، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالدى. قۇرئاننى يادلىدى، تىرىشىپ ئوقىدى. ھەتتا پىقھى ۋە باشقا ئىلىملاردە زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇ ھالدا كېيىنكى مەزھەپ، مۇنازىرە، لوگىكا، قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆزگە كۆرۈندى. ئاشۇ ۋاقىتتا يېشى 28دىن ھالقىش ئالدىدا ئىدى. پۈتكۈل ئىلىمنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بولۇپ، بىدئەتچىلەرگە رەددىيە بېرەتتى. ھەرقايسى ئىلىم ئىگىلىرى بىلەن مۇنازىرە قىلاتتى، رەقىپلىرىنى يېڭىپ چىقاتتى.

غەززالىنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئېرىششى:

ئۇستازى الھەرەمەيىن غەززالىنىڭ تەتقىقاتلىرى ئارىسىدىكى ئۈستۈنلىكىنى كۆرۈپ، ساۋاقداشلىرىغا دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالدى. غەززالى ئۇستازى بار ياكى يوق ۋاقىتلىرىدا دەرس ئۆتەتتى. ئۇستازى غەززالىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:« غەززالى مول دېڭىزدۇر. بىراق بۇ دەرىجىگە بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىز بىلەن ئېرىشمىدى، بەلكى ئۆزىنىڭ غايەت زور تىرىشچانلىقى ۋە پاك سەممىي تەقۋالىقى بىلەن ئېرىشتى»

ئىمام غەززالى «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يۈلتۈزى» ناملىق ئەسىرىدە:«

بىر ئىشنىڭ ماھىيتىنى بىلىشكە ئالدىراش مېنىڭ ئادىتىم ئىدى. كىچىك ۋاقتىمدىلا الله ئاتا قىلغان تەبىئىي ھىسسىيات بولۇپ، بۇ قابىلىيەت مېنىڭ ئۆگىنىشىمدىن ھاسىل بولغان ئەمەس» دەيدۇ. ئۇستازى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سالجۇقلار ۋەزىرى نىزامۇل مۇلۇكنى ئىزدەپ باردى. بۇ ۋاقىتتا ۋەزىر نىشاپۇردا ئىلىم سورۇنلىرىغا يىتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. غەززالى بۇ سورۇندا ئالىملار بىلەن مۇنازىرىگە چۈشۈپ، بۇلارنى يېڭىۋالدى. كۆپچىلىك بۇ زاتنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇشتى. ۋەزىرمۇ ھۆرمەت-ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلدى. بۇ ۋەزىر ئۆلىمالارنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. شۇنىڭ بىلەن غەززالىنى ئىسلام خەلىپىلىك مەركىزى بولغان باغدادقا بېرىپ مەشھۇر نىزامىييە مەدرىسىدە مۇدەررىسلىككە تاللاپ يولغا سالدى.

**غەززالىنىڭ باغداتتىكى نىزامىييە مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىشى:**

ئىمام غەززالى ۋەزىر نىزامۇلكنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بۇلۇپ، ھىجرىيە 484-يىلى جمادى الاولى ئېيىدا باغدادقا قايتىپ كەلدى. خىزمىتىگە تۇتۇش قىلدى، ئاشۇ ئالىي مەدرىستە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كىشلەرنى مول ئىلمى، گۈزەل مېتودى بىلەن ھەيران قالدۇردى. ئىلىم ھەۋەسكارلىرى بۇ زاتنىڭ ئىسىل پەزىلىتى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، لوگىكىلىق دەلىلىنى كۆرۈپ، تەلىم ئېلىشقا باشلىدى. كىشلەر بۇ ئىمامنىڭ ئىلمى ۋە تەلقىنلىرىدىن، گۈزەل ئۇسلۇبىدىن پايدىلاندى. خۇراسان رايونىنىڭ ئىمامى بولغاندىن كېيىن، ئىراقنىڭ ئىمامى بولدى. بۇ زات ئۈچۈن كىشلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەت تىكلەنگەن ئىدى. كىشلەر ھۆرمەتلەپ ئالقىشلايدىغان، نامى پۇر كەتكەن، سۆزىنى كىشلەر ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان زات ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىممەتلىك كىتابلارنى يازاتتى، بۇ ئىش ھىجرىيە 488-يىلغىچە داۋاملاشتى.

**غەززالىنىڭ نام-شۆھرەتتىن تۇيۇقسىز تەنھالىققا ئۆتۈشى:**

غەززالىنىڭ نام-ئابرويى پۇر كەتكەن مەزگىلدە، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ھىجرىيە 488-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، مۇدەررىسلىكنى

تاشلاپ زاھىدلىقنى تاللىدى. نامەلۇم بىر ئىللەت پەيدا بولغاندەك قىلاتتى. زېھنى ئاجىزلاپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ھەتتا بىر نەرسە يېيەلمەس بولۇپ قالدى. تېۋىپلارمۇ ساقىيىشىدىن ئۈمىد ئۈزدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرى ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن شامغا كەلدى. غەززالى شۇ ۋاقىتتا مۇنداق دەيدۇ:« قەلبىمدە پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەم ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، يېرىم يىلدەك داۋاملاشتى. الله تىلىمنى بەنت قىلىۋەتكەن بولۇپ، دەرسمۇ سۆزلىيەلمىدىم. كىشىلەرنىڭ ماڭا قارىتا ھەرقىسىم گۇمانلىرى قوزغالدى. كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تىنجىتىش ئۈچۈن دەرس ئۆتۈشكە تەمشەلدىم، بىراق بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدىم. ھەتتا بۇ تىل تۇتۇلۇش بىنورمال روھىي ھالەت پەيدا قىلدى. تېۋىپلار ساقىيىشىمدىن ئۈمىد ئۈزدى. ئىختىيارلىقىم ئومومەن نابۇت بولغاندىكىن، ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىمنى ھېس قىلدىم، ئامالسىز قالدىم. شۇنىڭ بىلەن الله دىن ياردەم تىلىمەي بولمىدى. الله دىن تىلىگەندە ئۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشتىم، نام-شۆھرىتىمنى ئۇنتۇشقا، بالا-چاقىلىرىم ۋە دوستلىرىمنىڭ سىرتىغا قويۇشقا ئۈندىدى، مەككىگە بېرىش قارارىغا كەلدىم، ئەمما شامغا بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنتىم. چۈنكى خەلىپە شامدا تۇرىدىغانلىقىمنى بىلسە بولمايتتى. باغدادتىن بۇ يەرگە قايتا كەلمەسلىكنى مەقسەت قىلىپ يولغا چىقتىم. ماللىرىمنى كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىپ ئازغىنە پۇل ئېلىپ قالدىم. غەززالى «نىزامىيە»مەدرىسگە ئىنىسى ئەھمەدنى قويۇپ، 489-يىلى دەمەشققە كىرىپ، ئۇمەۋىي مەسجىدىنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر مەزگىل ئېتىكاپتا ئولتۇردى.

شۇ يىلى ھەج قىلىپ دەمەشققە يەنە قايتىپ كەلدى. سوپىلارچە تۇرمۇشنى باشلىۋەتتى، ئۆزىنى ئېغىر ئىبادەتلەرگە چېنىقتۇراتتى. مۇشۇ مەزگىلدە بۈيۈك ئەسىرى «دىنى ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى»نى يېزىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە ئىمام ھەدداد دېگەن ئالىم مۇنداق دەيدۇ:« بۇ كىتابتەك شامىل ئەسەر ھېچقاچان يېزىلمىغان». مۇشۇ ھالەت ئون يىلدەك

داۋام قىلدى. ئالىملار غەززالىنىڭ تۈيۈقسىز نىزامىيىيە مەدرىسىنى تاشلاپ كېتىشكە قاراپ، بۇ بىر ساماۋىي ھادىسە، بىرەرسىنىڭ كۆزى تەگكەن بولسا كېرەك دېيىشتى.

غەززالى «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يۇلتۇزى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:« مەن مۇدەررىسلىك قىلىش ھەققىدە ئويلانغان ئىدىم، بىراق ئۇ الله رىزالىقى ئۈچۈن بولماپتۇ، بەلكى شەخسىي نام-ئابروي، شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ھالاكەت گىردابىدا ھېس قىلدىم، باغدادتىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئويلىنىپ ئىشلىرىمدا ئاخىرەت روھى يوقتەك ھېس قىلدىم. شەيتانى نەفس نام-ئابرويغا سۆرەيتتى، ئىمانىي كۈچ ئۆلۈمنى ئەسلىتەتتى. غەززالى زاھىد تۇرمۇشنى تاللاش ئالدىدا ھاياتنى، ئىقتىسادىنى، نوپۇز، مال-دۇنيا، يۇقىرى مەنسەپ، پەخىرلىنىش قاتارلىق ئىشلاردا قاتتىق ئويلانغان ئىدى. بۇلارنىڭ ماھىيتى، دەرت-ئەلەمنى، پايدا-زىيىنىنى تونۇپ، ئىساننى بەختلىك قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. اللەغا ھەقىقى رەۋىشتە يۈزلەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۆزىنى دۇنيا لەززىتىدىن تارتىپ چىقىپ ئىلاھى نۇرغا يۈزلەندى. يالغۇزلۇقنى خالاپ، ھوزۇر-ھالاۋەتنى تەرك ئەتتى. باقىي ئالەمنى پانىي ئالەمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئالىي ھىممەت بىلەن الله تەرىپىگە يۈزلەندى. ئۇنى مال-دۇنيا، يۈز-ئابروي مەشغۇل قىلالمايدىغان بوشلۇقتا ياشاشنى ياخشى كۆردى.

غەززالىنىڭ باغدات ئارقىلىق تۇسقا قايتىشى:

غەززالى ھىجرىيە 499- يىلىنىڭ ئاخىرغىچە، دەمەشقتە تۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىبادەت ۋە نەپسىنىڭ شەھۋانىي تۈيغۇلىرى بىلەن كۆرەش قىلدى. مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خۇراسانغا يول ئېلىپ، قايتاشىدا باغدادقا كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرماي، ئازغىنە ۋەز-نەسىھەت سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇپ،«ئىھيا» ناملىق كىتابىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەردى. ئاندىن تۇغۇلغان يۇرتى تۇسقا قايتىپ كەلدى. ئادىتى

بويىچە ۋاقتىنى كىتاب يېزىش ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى. بىراق شۇ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ۋەزىر پەخرۇل مۇلك نىشاپۇردىكى نىزامىيە مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئاخىرى 11 يىلدىن كېيىن مەدرىسكە قايتىپ كەلدى. غەززالى ئۇزاق سىناقتىن كېيىن قەلبى پاكلىنىپ، زاھىتلىق ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن ئىدى. غەززالى قايتا مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«بىر قانچە يىل زاھىتلىق بىلەن يۈرگەن بولساممۇ، نىشاپۇردىكى مەرىپەت چۈشكۈنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۆتىۋەرلەرنىڭ تەلىپى بىلەن قايتىپ كەلدىم. چۈشۈمدە بۇ ئىلاھى ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى بولۇپ كۆرۈندى. ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئىمانى سۇسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مۇشۇ پەيتتە ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىش زۆرۈر مەجبۇرىيىتىم ئىدى. ئۆزۈمگە دېدىمكى: كىشلەرنى كېسەل باسقان، تېۋىپلارمۇ كېسەل بولغان، بۇ ئىللەت كىشلەرنى ھالاك بولۇشقا ئېتتىرگەن تۇرسا، نىمىشقا كىشلەردىن تەنها يۈرۈيسەن!»

بىر يىل مۇدەررىسلىك قىلا-قىلماي پەخرۇل مەلىك قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. غەززالى يەنە تۇسقا قايتىپ كەلدى، سەپەر قىلماسلىققا بەل باغلاپ، ئۆيىنىڭ يېنىغا مەكتەپ سېلىپ مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللاندى. ئوقۇغۇچىلار يەنە كەلگىلى تۇردى، ۋاقتىنى بۆلۈپ خىلمۇ-خىل پەنلەردىن دەرس ئۆتتى، مىنۇت ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەي سالىھ ئەمەل، قۇرئان ئوقۇش، ۋەز-نەسىھەت، ھاكىملارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن مەشغۇل بولدى. غەززالى سالجۇق تۈركلىرى ھاكىمىيەت تۇتقان دەۋىردە ياشىغان بولۇپ سالجۇقلار ھىجرىيە 5- ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىنى باشقۇراتتى. بۇلار سۈننىي مەزھەپىدە بولۇپ ئىلىم ئەھلىلىرىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، پەندى-نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇلار غەززالىنىمۇ يۇقىرى ئىكرام بىلەن ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، باغدادتىكى نىزامىييە مەدرىسگە تەكلىپ قىلسا، ئۆزرە بايان قىلىپ رەت قىلدى. نىزامىييە مەدرىسى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ،

ۋەزىر نىزامۇل مۇلك بىنا قىلغان بۇ ئىسلام تىرنتورىيسىدىكى بىلىم بۇلىقى ئۆلىمالارنىڭ مۇنازىرە ھەم سۆھبەت قىلىشىدىغان پاناھگاھى ئىدى.

ھەسەتخورلارنىڭ غەززالىغا ئازار بېرىشى :

غەززالى ھەسەتخورلارنىڭ زىيىنىدىن بەكمۇ ئازار يىگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۇنى پادىشاھ سەنجەرگە چېقىپ ئوردىغا كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرلىرى بىتچىت بولدى. ئۇنىڭدىن كىيىن كىتابلىرىغا تېگىش قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئەھلى-سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ ئەقىدىسىگە مۇخالىپ سۆزلەرنى قوشۇۋەتتى. غەززالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« دەئۋەت ئىشلىرى داۋام قىلىۋاتقان، دەرس قىزغىن ئوقۇلىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار توپ-توپ ھالدا كېلىۋاتقان پەيتتە، ھەسەتخورلارنىڭ ھەستى قوزغىلىپ ھىچ ئەيىب تاپالماي، «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يۇلتۇزى»«نۇرلۇق چىراغ»ناملىق ئەسەرلىرىمگە كۇفرى سۆزلەرنى قېتىۋەتتى. (كىم؟) بۇ ئىككى كىتابنى ئىجازەت يېزىپ بېرىشىم ئۈچۈن ماڭا ئەۋەتىپتۇ. كۆڭلۈمگە اللەنىڭ ئىلھامى كەلدى بولغاي، كىتابنى ۋاراقلاپ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى سىزىپ قالدىم. خۇراسان ھاكىممۇ كۆرۈپ كىتابنى ئۆزگەرتكۈچىنى تۈرمىگە قاماپ قويىدى. «مەنخۇل»ناملىق كىتابىمغا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە تىل-ئاھانەت بولىدىغان قانچىلىغان ئىبارىلەرنى كىرگۈزۈۋەتكەندۇ، بۇنى اللە بىلىدۇ. مەن ئەبۇ ھەنىفەنى ھەرگىزمۇ ئەيىبلىمەيمەن.

غەززالىنىڭ ئەسەرلىرى :

غەززالى كۆپ ئەسەر يازغان بولۇپ، اللە بۇ كىشىنىڭ ۋاقتى ۋە خىزمىتىگە بەرىكەت بەخش ئەتكەن. ئەرەب، پارس تىلىدا خىلمۇ-خىل پەنلەردە ئەسەر يازغان يىگانە شەخستۇر. كىتابلىرىنى توپلاپ ستاستىكا ستاتېستىكا قىلىنىشچە، بۇ كىشىنىڭ ياشىغان يېشىغا نىسبەتەن تۆت ۋاراقتىن توغرا كەلگەن. بىر قانچە ئەسەرلىرى چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھازىرغا قەدەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكتە.

ئەسەرلىرىدىن «ۋەسىيەت»، «بەسىيەت»، «ۋەجىز»، «خۇلاسە» قاتارلىقلار ئىسلام پىقھىسى توغرىسىدا. «مەنخۇل»، «شىفائۇلغەلىل»، «تەھزىبۇل ئۇسۇل»، «مۇستەسفا مىن ئىلمىل ئۇسۇل»، «ئىھيا ئۇلۇمىددىن»، «مىنھاجۇل ئابىدىن»، «ئەل مۇنقىز مىنەززالال»، «تەھاپۇتۇل پەلسەپە»، «بىدايەتۇل ھىدايە»، «ئەلمەقسىدۇل ئەسنا»، «ئەل رەددۇ ئەلەل باتىنىييە» ۋەھاكازالار.

خاتىمە:

كۆپلىگەن تارىخچىلار غەززالىنىڭ ئىماملىقىغا بىردەكلىككە ئىگە. مەيلى بۇ زات بىلەن پىكىردە مەسلەكداش بولسۇن ياكى بولمىسۇن، كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىگە قايىل. بايان قۇۋۋىتى، لوگىكىلىق دەلىللەش، تەبئى تالانت ۋە زەكىلىكتە زامانداشلىرىنىڭ يىگانە كۆزى. دەسلەپىدە خۇراسان، كېيىن پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىني داھىيسىغا ئايلاندى. شۇنداقلا ھىجرىيە 5-ئەسىرنىڭ جەددىتچىسى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:« الله مۇشۇ ئۈممەتكە ھەرئەسىرنىڭ بېشىدا دىننى يېڭىلايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ.» ھىجرىيە 1-ئەسىردە ئۆمەر بىننى ئابدۇل ئەزىز، ھىجرىيە 2- ئەسىردە ئىمام شافىئى، ھىجرىيە 3- ئەسىردە ئىبنى سەرىج ئەشئەرى، ھىجرىيە 4-ئەسىردە ئەسپىرانى، ھىجرىيە 5-ئەسىردە (ئىسلامنىڭ ھۆججىتى) غەززالىدۇر. ھىجرىيە 9-ئەسىردىكى داڭلىق مۇجتەھىد جالالىددىن سۇيۇتى «غەززالىنىڭ جەددىتچى ئىكەنلىكىدە شەك يوق» دەيدۇ. غەززالى يۇرتى تۇستا ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بىدئەتچىلەرگە، ئازغۇن پىرقىلەرگە رەددىيە بېرىش، كىتاب يېزىش، پەتىۋا بېرىش ۋە دەرس ئۆتۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ھىجرىيە 505-يىلى جۇمادى ئاخىرنىڭ 14- كۈنى دۈشەنبە تۇستا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. الله بۇ زاتتىن رازى بولسۇن! الله پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چەكسىز رەھمىتى بىلەن قۇچاق ئاچسۇن!

## بىرىنجى قىسىم

# تائەت ـ ئىبادەت توغرىسىدا

**( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن )**

**اللە نى چىن قەلبىمدىن مەدھىيىلەيمەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، شۇنداقلا اللہ نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، رەسۇلۇللاھقا ھەمنەپەس بولغان ساھابىلەرگە دۇئا ۋە سالام يوللايمەن.**

**ئىلىم ئىزدەشكە ھېرىسمەن، چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلغان، ئىلىم تەشنالىقى چاڭقىغان ئوقۇغۇچى، بىلىپ قويغىنكى: سەن ئىلىم ئوقۇش ئارقىلىق كۆز ـ كۆز قىلىش، بەسلىشىش، تەڭتۇشلىرىڭدىن يۇقىرى تۇرۇش، كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە قارىتىش ۋە مال ـ دۇنيا توپلاش ئۈچۈن ئىلىم ئىگەللىسەڭ ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلغۇچى، دۇنيانى ئاخىرەتكە تېگىشكۈچىسەن. بۇ تىجارىتىڭ ئويپۇچۇق زىياندۇر، ئوقۇتقۇچۇڭ جىنايىتىڭگە ياردەملەشكۈچىدۇر، سېنىڭ زەبۇنلىقىڭغا شېرىكتۇر. ئۇ قاراقچىغا شەمشەر ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. بىر كەلىمە سۆز بىلەن گۇناھقا ياردەملەشكۈچى ئۇنىڭ شېرىكىدۇر. ناۋادا ئىلىم ئوقۇشتىكى مەقسىتىڭ اللہ بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى سىر بولسا، ئىلىمدىن بۇرۇن ھىدايەتنى بىل. مالائىكىلەر ساڭا رەھمەت قانىتىنى ئاچىدۇ، دېڭىزدىكى جانىۋارلار تارتقان جاپايىڭغا مەغپىرەت تىلىشىدۇ. ھەممىدىن بۇرۇن ئىلىمنىڭ نەتىجىسى بولغان ھىدايەتنى بىل. ھىدايەتنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى، زاھىرى ۋە باتىنى بولىدۇ. بېشىنى پۇختا ئىگەللىمەي تۇرۇپ ئاخىرىغا يېتەلمەيسەن، زاھىرىغا توختالماي تۇرۇپ باتىنىنى بىلەلمەيسەن. ھىدايەت بېشىنى كۆرسىتىپ قوياي، ئۆزۈڭنى سىناپ باق. ناۋادا قەلبىڭنىڭ مايىللىقىنى ھېس قىلساڭ، ئاخىرىغىچە ئىلىم دېڭىزىغا چۆك. ناۋادا دىلىڭ بىر خىل ئېغىرلىقنى، ئەمەلگە سۇسلۇقنى ھېس قىلسا، ئىلىم ئىزدەشتىكى قەلبىڭ ئۇ**

يامانلىقلا بۇيرىغۇچى قەلبتۇر، شەيتان لەنتىنىڭ باشقۇرىشىغا بويسۇنغۇچىدۇر، سىنى ئاستا-ئاستا ھالاك قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ غايىسى ساڭا يامانلىقنى ياخشى كۆرستىپ، ھاياتىي دۇنيادا قىلمىشلىرىنى ياخشى دەپ قارايدىغان زىيانكارلارغا قوشۇشتۇر. بۇھالدا شەيتان ساڭا ئىلىمنىڭ پەزىلىتى، ئۆلىمالارنىڭ دەرىجىسى، ئىلىم ھەققىدىكى گۆزەل سۆز-ھەدىسلەرنى ئەسلىتىدۇ. ۋاھالەنكى، سىنى رەسۇلۇللانىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرىدىن مەھرۇم قويىدۇ. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :«كىم ئىلىم ئۇقۇپ ھىدايەت تاپمىسا، الله دىن داۋاملىق يىراقلىشىدۇ.» «قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولغۇچى ئىلىم تەسىر قىلمىغان كىشىدۇر.» «مىئراج كىچىسى بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆردۇم، ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى ئوتتىن بولغان قايچا بىلەن كىسىلىۋاتىدۇ. سىلەر كىم؟ دەپ سورىدىم. ئۇلار: بىز ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان ئۆزىمىز قىلمايدىغان، ياماندىن توسىدىغان ئۆزىمىز قىلىدىغان كىشىلەرئىدۇق، دەپ جاۋاپ بىرىشتى.» ئى مىسكىن! شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ھەزەر ئەيلە. بىرەر قېتىممۇ ئىلىم ئۆگەنمىگەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي، ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىمغىمۇ ۋاي! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! شۇنى بىلگىنكى، ئىلىم ئوقۇغۇچىلار ئۈچ خىل بولىدۇ:

1- ئاخىرەتكە ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ئىلىم ئوقۇغۇچى. بۇ ئىلىمنى الله ۋە ئاخىرەت كۈنىنى دەپ ئوقۇيدۇ، بۇ ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

2- ئىلىمنى دۇنيادا سۇيئىستىمال قىلىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچى. بۇ ئىلىم ئارقىلىق مال-دۇنيا ۋە نوپۇز تىكلىمەكچى، قەلبىدىكى خەسسىلىكنى ئۆزى بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەڭ خەتەرلىك كىشلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇن ئەجەل يەتسە، ئاقىۋىتى ناھايىتمۇ ياماندۇر. بۇنىڭ ئىشلىرى الله نىڭ ئىختىيارىغا باغلىق. ناۋادا ئەجىلدىن بۇرۇن تەۋبە قىلالىسا، ئىلىمگە ئەمەلنى بىرلەشتۈرەلىسە، بۇرۇنقى قىلمىشلىرىنىڭ

ئورنىنى تولۇقلىيالىسا بۇمۇ غەلىبە قىلغۇچىلاردىندۇر. تەۋبە قىلغۇچىنىڭ گۇناھى مەغپىرەتتۇر.

3- شەيتان شىللىسىگە مىنىۋالغان، ئىلمنى مال-دۇنيا توپلاش ئۈچۈن ۋاستە قىلغان، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان كىشى بولۇپ، ئىلمى ئارقىلىق ھەرقانداق قىلمىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. دۇنيادىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن دۇنياغا دۈم چۈشكەن بولسىمۇ، سۆز ۋە پاسوندا ئۆلىمالارنىڭ شەكلىدە بولغانلىقتىن، ئۆزىنى اللە نىڭ يېقىن بەندىسى دەپ ئويلايدۇ. مانا بۇ كىشى مەغرۇر ۋە ئەخمەقلەردىن، ئازغۇنلار جۈملىسىدىندۇر. بۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىدە ئۈمىد يوق، چۈنكى ئۆزىنى ياخشى كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلايدۇ. ئۇ اللە نىڭ مۇنۇ سۆزىدىن غاپىلدۇر:« ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)» ‹سۈرە سەپ 2-3- ئايەت›. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ دېگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر:« مەن سىلەرئۈچۈن دەججالدىن باشقا يەنە بىر دەججالدىن ئەنسىرەيمەن. ساھابىلار : ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار كىم ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ:ئۇلار قىلمىشى ناچار ئۆلىمالاردۇر» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. مانا بۇ دەججالنىڭ غايىسى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشتۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئالىملار كىشىلەرنى ئۆتكۈر پاساھەتلىك تىلى بىلەن دۇنيادىن يۈز ئۆرۈتۈپ ، قىلمىشلىرى بىلەن تەشەببۇس قىلىدۇ. كىشىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋەز-نەسىھەتتىن بەكرەك جەلپكاردۇر. ئىنسانىنىڭ خارەكتىرى سۆزدىن بەكرەك قىلمىشقا مايىلدۇر. بۇ مەغرۇرنىڭ تۈزىشىدىن بۇزۇشى كۆپتۇر. كىشىلەر دۇنياغا ئاسانلىقچە باش ئەگمەيدۇ، بىراق ئۆلىمالارنىڭ بۇزۇلىشى بىلەن ئەگىشىپ كېتىدۇ. بىلمى ئارقىلىق اللە نىڭ بەندىلىرىنىڭ

گۇناھقا جۈرئەت  قىلىشقا سەۋەپ بولىدۇ. جاھىل قەلبى اللە ماڭا ياخشىلىق قىلىدۇ دېگەن ئۈمىدتە بولىدۇ. يامان نەپسى ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرسىتىدۇ. ئى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى! بىرىنچى تۈردىكى كىشىلەردىن بول، ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەردىن ھەزەر قىل، تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى قانچىلىغان كىشىلەرنى ئەجەل قىسمىتى ئېلىپ كەتتى. ئۈچىنچى خىل كىشىلەردىن تولىمۇ يىراق بول، بولمىسا ياخشىلىقىڭدا ئۈمىد يوق، نىجاتلىق كەمدىن-كەم. خوش! ئۆزۈمنى سىناپ باقاي دېسەڭ ھىدايەتنىڭ بېشى ۋە زاھىرى تەقۋالىق، ئاخىرى ۋە باتىنى تەقۋالىق. ھىدايەت ۋە ئاخىرەت پەقەتلا تەقۋادارلار ئۈچۈندۇر. تەقۋالىق دېگەن سۆز اللە نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، چەكلىمىلىرىدىن قول ئۈزۈش دېمەكتۇر. تەقۋالىق ئىككى قىسىم بولۇپ، ساڭا ئىككى قىسىمنى قىسقا جۈملىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

اللەنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى پەرز ۋە نەپلىدىن ئىبارەتتۇر. پەرز دېمەك، مالىنىڭ دەسمايىسى دېمەكتۇر، ئۇنىڭ بىلەن نىجاتلىق ھاسىل بولىدۇ. نەپلە دېمەك، مالىنىڭ پايدىسىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن دەرىجە ئاشىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« اللە ئېيتىدۇ: بەندەم ماڭا پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلغاندىنمۇ بەكرەك  ياخشى ئەمەللەر بىلەن يېقىنلاشمايدۇ، بەندەم دائىم نەپلە ئىبادەت بىلەن ماڭا يېقىنلاشسا ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بەندەمنى ياخشى كۆرسەم ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، سۆزلەيدىغان تىلى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن.» سەن اللەنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىجرا قىلىپ بولالمايسەن، بۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆزۈڭنى ھەر دائىم، ھەر مىنۇت نازارەت قىلىشىڭ لازىمدۇر. اللە قەلبىڭدىكى سىر-ئەسرارلارنى داۋاملىق، دائىم بىلگۈچىدۇر. زاھىر ۋە باتىن ئەمەللىرىڭنى كۆزەتكۈچىدۇر. ھەرۋاقىت ئوي-پىكىر ۋە ھەركەتلىرىڭنى بىلگۈچىدۇر. سەن خىلۋەت ۋە ياكى ئادەملەر ئارىسىدا

بول، تەڭرىنىڭ نەزىرى ئاستىدا .

ئى مىسكىن! ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن اللە نىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك بول، خۇددى زالىم پادىشاھ ھوزۇرىدا قۇلنىڭ ئەدەپلىك بولغىنىدەك. سىنى يامان ئىشتىن توسقان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرىغان زات كۆرمەي قالمايدۇ. ۋاقتىڭنى رەتكە سېلىپ تەڭرىنىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقىن، اللە نىڭ تاڭدىن كەچكىچە بولغان بۇيرىقىغا قۇلاق سالغىن.

## --ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا قىلىدىغان ئەمەللەر توغرىسىدا--

ئۇيقۇدىن تاڭدىن بۇرۇن ئويغىنىشقا تىرىشقىن، قەلبىڭ ۋە تىلىڭ ئاۋۋال اللە نىڭ زىكرى بىلەن نەمدەلسۇن، ماۋۇ دۇئالارنى ئوقۇغىن:« جىمى مەدھىيە بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان اللە غا مەنسۇپ، قىيامەت كۈنى اللە بىزنى تىرىلدۈرىدۇ. بىز پۈتكۈل كائىنات، كاتتىلىق، مۇتلەق ھاكىملىق، ئىززەت ۋە كۈچ-قۇدرەت ئىگىسى بولغان اللە ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇزدۇق.» «ئىسلام پىترىتىدە، ئىخلاس كەلىمىسىدە، مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ دىنىدا، ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ مىللىتىدە شېرىكتىن خالىي مۇسۇلمان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇق.» «ئى اللە! سەن ئارقىلىق تاڭ ئاتقۇزىمىز، كەچ قىلىمىز. سەن ئارقىلىق تىرىلىمىز ۋە ئۆلىمىز. سېنىڭ تەرىپىڭگە قايتىمىز.» «ئى اللە! بىزنى بۈگۈن ياخشىلىق ئۈستىدە قىلىشىڭنى سورايمىز، يامانلىقتىن ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا ۋە ياكى ئۆزىمىزگە يامانلىق يۈقتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمىز.» «ئى اللە! سەندىن بۇ كۈننىڭ ۋە مۇشۇ كۈندىكى شەيئىلەرنىڭ ياخشىلىقنى تىلەيمىز، يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمىز.» كىيىمىڭنى كىيگەن ۋاقتتا، اللە نىڭ ئەۋرەتنى يېپىش توغرىسىدىكى ئەمرىگە بويسۇنۇشنى نىيەت قىلغىن. كىيىمىڭنى كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلىشتىن ساقلان .

## ــ ھاجەتخانىغا كىرىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق

## تووغرىسىدا ــ

ھاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتۇڭ بىلەن، چىققاندا ئوڭ پۇتۇڭ بىلەن باشلىغىن. الله ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسمى بار نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرمە. يالاڭباشتاقمۇ كىرمە. (بۇتوغرىلىق سەھىھ ھەدىس يوق، لېكىن يېڭى تىبابەت ئىلمىدا ئىسپاتلىنىشىچە، سېسىق پۇراقلار چاچ چۈشۈش سەۋەپلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن). كىرگەندە :«اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. الله بىلەن قوغلاندى نىجىس شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن. چىققاندا :« مەندىن زىيانلىق ماددىلارنى ھەيدەپ، پايدىلىق ماددىلارنى قالدۇرغان الله قا مەدھىيە ئوقۇيمەن ۋە مەغفىرەت تىلەيمەن» دېگىن. ھاجەتتىن ئىلگىرى چالما (تازىلىق بويۇمى) تەييارلاپ قويغىن. ھاجەت ئورنىدا سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلمىغىن. ئۆچ قېتىم ئىنجىقلاپ سۈيدۈكنى ھەيدىگىن. دالىدا بولساڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق بول، بولسا دالىدا قىل. ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئەۋرىتىڭنى ئاچمىغىن. قۇياشقا، ئايغا ئالدى ـ كەينىڭنى قىلمىغىن، قىبلىگىمۇ شۇنداق. كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ۋە سايىلىق ئورۇنلاردا ئولتۇرمىغىن. كامار، مېۋىلىك دەرەخ ئاستىغا، سۇغا، قاتتىق يەر ۋە شامالىلىق ئورۇنلىغا سىيمىگىن. كىيىمىڭگە چاچراپ كەتمىسۇن. سول پۇتۇڭغا دېيىنىپ ئولتۇرغىن. زۆرۆرىيەت بولمىسا ئۆرە تۇرۇپ سىيمىگىن. چالما ۋە سۇ بىلەن ئىستىنجا قىل. بىرىنى قىلساڭ سۇ ياخشى. ناۋادا چالما بىلەنلا ئىستىنجا قىلماقچى بولغىنىڭدا، پاكىز ئۆچ تال چالمىنى نىجاسەت باشقا ئەزاغا تارقىمىغۇدەك ھالدا سۈرتكىن. پاكىزلانمىسا بەش ياكى يەتتە چالما بولسىمۇ بولىدۇ. نىجاسەت ئورنىنى تازىلاش ۋاجىپتۇر. سول قولۇڭ بىلەن ئىستىنجا قىل، ئاندىن:« ئى الله! قەلبىمنى نىفاقلىقتىن تازىلىغىن، جىنسى ئەزايىمنى يامان ئىشتىن ساقلىغىن» دېگىن. قولۇڭنى يەرگە سۈركەپ ئاندىن يۇيغىن.

## --تەرەت ئېلىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر توغرىسىدا--

ئىستىنجادىن كېيىن مىسۋاك ئىشلىتىشنى ئۇنۇتما، مىسۋاك ئېغىزنى تازىلايدۇ، اللەنى خۇرسەن قىلىدۇ، شەيتاننىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ. مىسۋاك بىلەن ئوقۇلغان ناماز مىسۋاك بىلەن ئوقۇغان نامازئەۋزەل. تاھارەت ئالغاندا قىبلىگە قاراپ ئېگىزرەك يەردەئولتۇرغىن، سۇ چاچراپ كەتمەيدۇ. مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن:« ناھايىتى شەپقەتلىك اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى الله شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن ۋە ئۇستۈنلۈكىدىن ساقلىغىن.» ئاندىن قولۇڭنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، ماۋۇ دۇئانى ئوقۇغىن:« ئى الله! سەندىن بەرىكەت ۋە نىجاتلىق تىلەيمەن، شۇملۇق ھالاكەتتىن پاناھ تىلەيمەن.» تەرىتىڭ بىلەن نامازنى نىيەت قىلغىن، نىيەتسىز تاھارەت دۇرۇس بولمايدۇ. ئېغىزىڭنى ئۈچ قېتىم چايقىغىن، روزىدار بولمىغىنىڭدا كانايىغىچە غەر-غەر قىلغىن. تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇغىن:« ئى الله! قۇرئان ئوقۇش، سېنى كۆپ زىكىر قىلىشىمغا مەدەت بەرگىن. دۇنيا-ئاخىرەت مۇستەھكەم سۆزدە قەدىمىمنى چىڭ قىلغىن.» ئاندىن بۇرنۇڭنى ئۈچ قېتىم چايقىغىن، ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن:«ئى الله! ساڭا سېغىنىپ دەۋزەختىن ۋە جەھەننەمنىڭ پۇرىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.» ئاندىن يۈزۈڭگە سۇ ئېلىپ، پېشانەڭنىڭ تۈك ئۈنگەن يېرىدىن ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە، ئوڭ قۇلاقتىن سول قۇلاققىچە يۇيغىن. قۇلاقنىڭ ئارقىسىغا سۇ تەگكۈز. ساقىلىڭ ئاز بولسا ئاستىغا سۇ تەگكۈزۈش ۋاجىپ. يۈز يۇغاندا ماۋۇ دۇئانى ئوقۇغىن:« سىنىڭ نۇرۇڭ بىلەن ۋەلىيلىرىڭنىڭ يۈزى يورۇيدىغان كۈنى يۈزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن. سېنىڭ زۇلۇماتىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىڭنىڭ يۈزى قارىدايدىغان كۈندە يۈزۈمنى قارا قىلمىغىن.» ساقىلىڭ قويۇق بولسا خىلال قىلغىن. ئاۋۋال ئوڭ قولۇڭنى، ئاندىن سول قولۇڭنى بىلەك بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيغىن، چۈنكى سۇ تەگكەن ئورۇن جەننەتتە پارقىرايدۇ. ئوڭ قولۇڭنى يۇغاندا مۇنداق دىگىن: «ئى

الله! قىيامەت كۈنى نام ـ ئەمەلىمنى ئوڭ تەرەپتىن بەرگىن، ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن». سول قولۇڭنى يۇغاندا: «ئى الله! ساڭا سىغىنىپ نامە ـ ئەمەلىم سول تەرىپىمدىن ياكى ئارقامدىن كېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن». ئاندىن قولۇڭنى ھۆللەپ، بېشىڭنىڭ ھەممە يېرىنى سىيپىغىن. ئوڭ ۋە سول قولۇڭنىڭ بارماق ئۇچىنى بىر ـ بىرىگە تەككۈزۈپ، ئىككى قولۇڭنى بىشىڭنىڭ چوققىسىغا قويۇپ تۇرۇپ باشنىڭ ئارقىسىغا بىر ئاپىرىپ ئالدىغا بىر قايتۇرىسەن. (مەسھ بىر قېتىم بولىدۇ، بىشقا ئەزالارنى ئۈچ قېتىم يۇيىسەن) مۇشۇ ئەھۋالدا مۇنۇ دۇئانى دېگىن: «ئى الله! مېنى ئۆز رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرگىن، بەرىكىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن، قىيامەت كۈنى ئەرشىڭنىڭ سايىسىدىن ئورۇن بەرگىن. ئى الله! مىنىڭ مويلىرىمنىمۇ، تېرىلىرىمنىمۇ دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

ئاندىن قۇلاقنىڭ ئىچى ـ تېشىغا يېڭى سۇ بىلەن مەسھ قىلغىن. ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭنىڭ ئۇچىنى قۇلاق ئىچىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ، باش بارماق بىلەن قۇلاق تېشىنى مەسھ قىلغىن ۋە بۇ چاغدا: «ئى الله مىنى ياخشى سۆزنى تىڭشايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلاردىن قىلغىن، ياخشىلار بىلەن جەننەت پەرىشتىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى نىسىپ ئەيلىگىن» دېگىن.

ئاندىن گەدىنىڭگە مەسھ قىلغىن ۋە:«ئى الله! گەدىنىمنى دەۋزەختىن يىراق قىلغىن،زەنجىر ـ كىشەنلىرىڭدىن ساقلىغىن». ئاندىن ئوڭ ۋە سول پۇتۇڭنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيغىن، سول قولۇڭنىڭ بارمىقىنى پۇتۇڭنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا ئەكىرىپ يۇيغىن، پۇتۇڭنىڭ ئاستىغىمۇ بارماقلىرىڭنى تەككۈزگىن ۋە:«ئى الله دەۋزىخىڭگە قەدەملەر تاشلانغان كۈندە قەدىمىمنى فىلسىراتتا مۇستەھكەم قىلغىن.» سول پۇتۇڭنى يۇغاندا: «ئى الله! مۇناپىقلارنىڭ قەدەملىرى دەۋزەخكە تاشلانغان كۈندە قەدىمىمنىڭ فىلسىراتتىن تېيىلىپ كىتىشىدىن پاناھ تىلەيمەن». ئەزالىرىڭنى يۇغاندا قېتىم سانىغا رىئايە قىلغىن. تاھارەتنى ئېلىپ

بولغاندا: «يىگانە اللە دىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوق، اللەنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى، اللە ئەيىب نۇقساندىن پاك دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى اللە! جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، تەۋبە قىلدىم، گۇناھىمنى كەچۈرگىن، سەن ناھايىتىمۇ مېھرىبان ۋە تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىسەن.» «ئى اللە! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن، پاك بولغۇچىلاردىن، ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىدىن، سەۋرچان، شۈكۈر قىلغۇچى، سېنى كۆپ ئەسلەيدىغان، ئەتىگەن ۋە ئاخشاملاردا تەسبىھ ئېيتىدىغان قىلغىن».

يۇقارقى دۇئالارنى ئوقۇغاندا پۈتكۈل ئەزالار ئۆتكۈزگەن خاتالىق كەچۈرىلىدۇ. تاھارەتتىكە ئۈزۈك بىلەن تامغا ئۇرۇلۇپ، ئەرش ئاستىغا ئېسىلىدۇ، داۋاملىق اللە قا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەجرى قىيامەت كۈنىگىچىلىك شۇ كىشىگە بولىدۇ . (زەئىپ ھەدىس)

تاھارەت ئالغاندا ئالتە ئىشتىن ساقلان:

1- قولۇڭنى سىلكىمە، سۇ چاچرايدۇ.

2- يۈزۈڭنى ۋە بېشىڭنى سۇ بىلەن كاچاتلىما.

3-تاھارەت ئارىلىقىدا گەپ قىلما.

4-ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيما.

5- ۋەسۋەسە بولغاندا ئېھتىياجسىز سۇنى كۆپ ئىشلەتمە. ‹ۋەلھان›ئىسىملىك بىر شەيتان ۋەسۋەسە قىلىنغان كىشلەرگە قاراپ كۈلىدۇ.

6- قۇياشتا ئىسسىتىلغان سۇ ۋە ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلاردا تاھارەت ئالما.

مۇشۇ ئالتە تۈرلۈك ئەھۋال تاھارەتتە كۆرۈلسە ياخشى ئەمەس. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:« تاھارەت ئالغاندا اللە نى زىكىر قىلسا پۈتكۈل ئەزا پاكىزلىنىدۇ. زىكىر قىلمىسا يۇيۇلغان ئەزالار پاكىزلىنىدۇ.»

--جۇنابەتتىن پاكلانغاندىكى ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا--

ئىھتىلام ياكى ئاياللىق بىلەن بىرگە بولغاندا تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلغىن. ئاۋۋال قولۇڭنى ئۈچ قېتىم يۇيغىن، بەدىنىڭدىكى مەنى يۇقلىرىنى تازىلغىن، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، بىراق پۇتۇڭنى ئاخىرىدا يۇيغىن.

تاھارەت ئېلىپ بولغىنىڭدا ئوڭ تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيغىن. بۇ جەرياندا جۇنابەتتىن خالىي بولۇشنى نىيەت قىلغىن. ئاندىن سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيغىن. بېشىڭغىمۇ شۇنداق. بەدىنىڭنىڭ ئالدى-كەينىنى، چېچىڭنىڭ ئاستىنى يۇيغىن. سۇنى بەدىنىڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا يەتكۈزگىن. تاھارەتتىن كېيىن جىنسىي ئەزايىڭنى تۇتمىغىن. ناۋادا تۇتۇپ سالساڭ تاھارەتنى قايتا ئالغىن.

غۇسلىدىكى پەرز تۆۋەندىكىچە:

نىيەت قىلىش.

بەدەننىڭ ھەممە جايلىرىغا سۇ تەككۈزۈش.

تاھارەتتىكى پەرز تۆۋەندىكىچە:

يۈزنى، ئىككى قولنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش، بېشىغا مەسىھ قىلىش، ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش، نىيەت قىلىش ۋە تەرتىپتىن ئىبارەت. يۇقارقىدىن باشقىسى سۈننەت بولۇپ ئەجرى كاتتىدۇر، سەل قارىغان كىشى ئەجرىدىن مەھرۇم قالىدۇ، بەلكى بۇ سۈننەتلەر پەرزنى تولۇقلايدۇ. [غەززالى شافىئى مەزھەبتە بولغاچ تەرتىپ ۋە نىيەتنى پەرز دىگەن، ھەنەفى مەزھەبتە بۇنداق ئەمەس، يەنى بۇ ئىككىسى سۈننەت]

## --تەيەممۇمنىڭ ئەدەب-ئەخلاقى توغرىسىدا--

سۇ تاپالمىساڭ، ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مەلۇم توسالغۇ تۇپەيلىدىن سۇ بار يەرگە بارالمىساڭ ياكى قېشىڭدىكى سۇغا باشقىلار ئۇسسۇزلۇق جەھەتتىن مۇھتاج بولسا، باشقىلاردا سۇ بولۇپ ئەسلى باھاسىدىن بىر قانچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ساتمەن دەپ تۇرىۋالسا ياكى

سەن كېسەل بولساڭ، ناماز ۋاقتىدا توپا بىلەن تەيەممۇم قىلغىن. تەيەممۇم شەكلى تۆۋەندىكىچە: نامازنى نىيەت قىلغان ھالدا بارماقلىرىڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىككى ئالقىنىڭنى توپىغا ئۇرۇپ، ئاندىن ئالقىنىڭ بىلەن يۈزۈڭنى بىر قېتىم سىيپىغىن. توپىنى چاچ ئۆنگەن ئورۇنغا ئاپىرىپ ئۇلىمىغىن، قولۇڭدا ئۈزۈك بولسا ئېلىۋەت. ئىككىنجى قېتىم بارماقلىرىڭنى ئېچىپ تۇرۇپ توپىغا ئۇرغىن ۋە ئىككى قولۇڭنى جەينىكىڭ بىلەن قوشۇپ سىيپىغىن. ئاندىن ئالقىنىڭنى بىر-بىرىگە سۈركىۋەت. بۇ تەيەممۇم بىلەن بىر پەرز، خالىساڭ نەفلىمۇ ئوقۇغىن. باشقا پەرز ناماز ۋاقتىدا تەيەممۇمنى يېڭىلىغىن.

## --مەسجىدكە چىقىشتىكى ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا--

تاھارەتتىن كېيىن ئۆيۈڭدە بامدات نامازنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ مەسجىدكە يۈزلەنگىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى. جامائەتنى تاشلىمىغىن، بولۇپمۇ بامدات نامىزىنى تاشلىما. جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ئەجرى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇق. ئەگەر بۇ پايدىغا سەل قارىساڭ، ئىلىم ئېلىشىڭدا نىمە پايدا بولسۇن؟ ئىلىمنىڭ مېۋىسى ئەمەلدۇر. مەسجىدكە ماڭغىنىڭدا تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي ماڭ. يولدا: «ئى اللە! سەندىن رەھمەت تىلىگۈچىلەرنىڭ، سەن تەرەپكە يۈزلەنگۈچىلەرنىڭ، ماڭغان قەدىمىنىڭ ھەققى بىلەن رەھمىتىڭنى تىلەيمەن. مەن رىيا قىلىپ ياكى كىشىلەر كۆرسۇن دەپ چىقمىدىم، بەلكى سېنىڭ ئازابىڭدىن قورقۇپ رىزالىقىڭنى ئىزدەپ چىقتىم. مىنى دەۋزەختىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە بېغىشلىشىڭنى تىلەيمەن. سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھنى مەغفىرەت قىلالمايدۇ، شۇڭا گۇناھىمنى كەچۈرۈشىڭنى ئۆتۈنىمەن».

--مەسجىدكە كىرىش ۋە كۆن چىققانغىچىلىك بولغان ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا--

مەسجىدكە ئولتۇرۇپ بىلەن كىرىپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن: «ئى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتىغا رەھمەت قىلغىن. گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن». سودا قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرسەڭ، الله تىجارىتىڭگە پايدا بەرمىسۇن دېگىن. يوقلاپ كەتكەن مېلىنى ئېلان قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرگىنىڭدە، الله قايتۇرۇپ بەرمىسۇن دېگىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان. مەسجىدكە كىرگەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغىن. بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇماي كىرگەن بولساڭ بۇئىككى رەكئەت مەسجىد نامىزى شۇنىڭ بىلەن ئادا تاپىدۇ. نامازدىن كېيىن ئېتىكاپنى نىيەت قىلغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان دۇئالىرىنى ئوقۇغىن: «ئى الله! سەندىن قەلبىمنى ھىدايەت قىلىدىغان، ئەپرىقىچىلىقنى جۇغلايدىغان، مېنى بىلىمدار قىلىدىغان، ئۆنسى-ئۆلپىتىم يىغىلىدىغان، دىنىم ئىسلاھ بولىدىغان، مەن بىلمىگەننى بىلدۈرىدىغان، شەنىمنى ئۈستۈن قىلىدىغان، ئەمىلىمنى پاك قىلىدىغان، ماڭا توغرا يول كۆرسىتىدىغان، شۇنداقلا مېنى يامانلىقتىن ساقلايدىغان رەھمىتىڭنى تىلەيمەن». «ئى الله! سەندىن داۋاملىق قەلبىمدىن ئايرىلماس ئىمان، تەقدىرىڭگە مەمنۇن بولىدىغان، قىسمىتىڭگە رازى بولىدىغان سەممىي ئىمان تىلەيمەن». «ئى الله! سەندىن يېنىۋالمايدىغان چىن ئىمان ۋە دۇنيا-ئاخىرەت شاراپىتىڭگە ئېرىشىدىغان رەھمەت سورايمەن. ئى الله! سەندىن مۇسىبەتكە يولۇققاندا چىدامچانلىق، ئۆلگەندە نىجاتلىق، شەھىدلەرنىڭ دەرىجىسىنى، بەختلىكلەرنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە، پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى تىلەيمەن». «ئى الله! ئىمانىم ئاجىز، ئەمىلىم ئاز بولسىمۇ ھاجىتىمنى ساڭا دەيمەن، رەھمىتىڭگە مۇھتاجمەن. قەلبىنىڭ شىپاسى، ئىشلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان الله! دېڭىز ئۈستىدە ئادەملەرنى ساقلىغاندەك مېنى دەۋزەخ ئازابىدىن، لەنەتتىن، قەبرە ئازابىدىن ساقلىغىن». «ئى الله!

ياخشى بەندەڭگە ۋەدە قىلغان ياكى ئاتا قىلغان مۇكاپاتىڭنى ھىس قىلالمىسامۇ، شۇنىڭغا لايىق ئەمەل قىلالمىسامۇ، شۇ رەھمىتىڭنى تىلەيمەن». «ئى اللە! بىزنى ھىدايەت تاپقان، ئازمىغان، دوستلىرىڭنى ياخشى كۆرىدىغان، دۈشمەنلىرىڭنى يامان كۆرىدىغان، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ بىلەن كىشلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، ساڭا قارشى كىشلەرگە ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان قىلغىن». « ئى اللە! بىز دۇئا قىلىمىز، ئىجابەت سەندىن. ساڭا يېلىنىمىز، سەۋەپ قىلىمىز، شۇنداقلا ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز. بىز سەن ئۈچۈن سەن تەرەپكە قايتقۇچىلارمىز، ئۇلۇغ يۈكسەك اللە نىڭ مەدىتى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ». «ئى چىلىك ئاغامچىنىڭ، توغرا ئىشنىڭ ئىگىسى بولغان اللە! قىيامەت كۈنى خاتىرىجەم قىلىشىڭنى، يېقىن كىشلىرىڭ بىلەن، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇچى، ۋەدىگە ۋاپا  قىلغۇچى خەلقىڭ بىلەن بىللە جەننەتتە قىلىشىڭنى تىلەيمەن. سەن سۆيۈملۈك، مېھرىبان، خالىغىنىڭنى قىلىدىغان، ئەيىب-نۇقساندىن پاك، ئىززەت ۋە شەرەپ ئىگىسى سەن. بۈيۈك نىئمەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى، ئەزەلدىن    ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان، ئەيىب-نۇقساندىن خالىي زات، تەسبىھ-تەھلىل ساڭىلا لايىق». «ئى اللە! قەلبىمنى، قەبرەمنى، قۇلاق-كۆز، مويلىرىمنى، تېرىلىرىمنى، قان-تومۇرلىرىمنى، قول-مۇسكۇللىرىمنى، ئوڭ-سول، ئالدى-ئارقا تەرىپىمنى، ئاستى ۋە ئۈستۈمنى نۇر قىلغىن». دۇئانى ئوقۇپ بولۇپ زىكىر-تەسبىھ، قۇرئان بىلەن مەشغۇل بولغىن. شۇئارىلىقتا ئەزان ئاڭلىساڭ، دەرھال زىكىرنى توختىتىپ، مۇئەززىن نېمە دىسە شۇنى دېگىن. ئەزان ئوقۇلۇپ بولسا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇغىن:«ئى اللە! مۇشۇ ناماز ۋاقتىدا، ساڭا دۇئالار كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، كېچە يىراقلاپ، كۈندۈز يورۇغان ۋاقتتا شۇنى تىلەيمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىنى بەرگىن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىنى بەرگىن، سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق

قىلمايسەن، رەھمىتىڭنى تىلەيمىز». ئەزان سەن نامازدىكى ۋاقتىتا ئاڭلانسا، نامازنى تۈگىتىپ سالامدىن كېيىن ئەزانغا جاۋاب قايتۇرساڭمۇ بولىدۇ. نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماي نامازغا تۇرغىن. نامازدىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئوقۇپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن: «ئى الله! سەن ئەزەلىي خاتىرجەمسەن، ئەمىنلىك سەندىندۇر، سەن تىنچلىق ئىگىسى سەن، بىزنى تىنچلىق بىلەن تەبرىكلىگىن، جەننەتكە كىرگۈزگىن. سەن ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن ئۈستۈن. بۈيۈك، كەرەملىك، يەككە-يىگانە، شېرىكى يوق، پۈتكۈل مۈلۈك، مەدھىيە ساڭىلا خاستۇر. سەن ئۆلتۈرىسەن ۋە تىرىلدۈرىسەن، بىراق سەن مەڭگۇ ھايات، ئۆلمەيسەن. پۈتكۈل ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەممە نەرسىگە قادىرسەن. ئى بۈيۈك پەزىلەت ئىگىسى بولغان الله! سەندىن باشقا يايرىم يوق، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئىخلاس بىلەن دىنىڭغا ئەگىشىمىز». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە [الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن]غا ئۆگەتكەن جۇغلانما دۇئانى ئوقۇغىن:« ئى الله! سەندىن پۈتكۈل ياخشىلىقنى، ھازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن ياخشىلىقنى تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ پۈتكۈل يامانلىقتىن، ھازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەل، ئېتىقادنى تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ دەۋزەختىن ۋە دەۋزەخكە ئېلىپ بارىدىغان سۆز ۋە ئەمەل، ئېتىقادتىن پاناھ تىلەيمەن. سەندىن پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سورىغان ياخشىلىقنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پاناھ تىلىگەن نەرسىدىن پاناھ تىلەيمەن». «ئى الله ماڭا ھۆكۈم قىلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمە [الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن]غا ۋەسىيەت قىلغان دۇئانى ئوقۇغىن:« ئى مەڭگۈ ھايات، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى

الله! سىنىڭ رەھمىتىڭنى تىلەيمەن. بىردەممۇ مىنى نەپسىمنىڭ مەيلىگە ياكى بىرەر كىشىگە تاشلىۋەتمىگىن، ئىشىمنىڭ ھەممىنى سەن تۈزەتكىن». ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقان دۇئاسىنى ئوقۇغىن:« ئى الله! مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرمىگەن نەرسىنىمۇ ئۆزۈمدىن مۇداپىئە قىلالمايمەن، ئۆزۈم ئويلىغان مەنپەئەتكىمۇ ئىگە بولالمايمەن، ھەممە ئىش ئۆزۈمدىن باشقا بىر زاتنىڭ قولىدا. مەن ئەملىمگە باغلىق، مەندىنمۇ پەقىر كىشى بولمىسا كىرەك. مىنى دۈشمەنلىرىم خوش بولىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇشتىن، دوستۇمنىڭ مەندىن يامان گۇمان قىلىشىدىن، دىنىمدا مۇسىبەت بولۇشتىن ساقلىغىن. دۇنيانى چوڭ غېمىم ۋە ئىلمىمنىڭ چېكى قىلىپ قويمىغىن، ماڭا رەھىم قىلمايدىغان كىشىنى ھاكىم قىلىپ قويمىغىن». شۇنداقلا ھەدىستە ۋە «دىنى ئىلمىنىڭ گۈللىنىشى» ناملىق كىتابىمىزدا بايان قىلغان دۇئالارنى ئوقۇغىن. نامازدىن كىيىن كۆپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ۋاقتىڭنى تۆتكە بۆلگىن.

1- دۇئا بىلەن بول.

2- زىكىر-تەسبىھ بىلەن بول.

3- قۇرئان ئوقۇ.

4- تەپەككۇر بىلەن بول.

گۇناھلىرىڭ ۋە قىلغان خاتا قىلمىشلىرىڭ ئۈستىدە، بۈيۈك اللەنىڭ ئازابى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگىن. كۈنلىكى قىلىدىغان ئىبادەت ۋە زىكىرلىرىڭنى تەرتىپكە سالغىن. دائىم اللەنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشتىن ھۇشيار بول. پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەنلا بولۇشنى ئىرادە قىل. ئىبادەتىنىڭمۇ ئەۋزىلىنى تاللاش بىلەن بىرگە، ئىبادەت بىلەنلا بولۇشنى ئويلان. ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلە. زىكىر-تەسبىھلىرىڭدە تۆۋەندىكى ئون كەلىمە بولسۇن:

1- الله دىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوق، اللەنىڭ شېرىكى يوق، جىمى مەدھىيە ۋە مۈلك الله غا خاستۇر. الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. الله

ئەبەدىي تىرىكتۇر، ئۆلمەيدۇ. پۈتكۈل ياخشىلىق اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

2- الله دىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوقتۇر، الله شەك-شۈبھىسىز ھەق پادىشاھتۇر.

3- الله يەككە-يېگانىدۇر، قاقشاتقۇچ زەربە بەرگۈچىدۇر، ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى غالىب ۋە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

4- الله ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر، پۈتكۈل مەدھىيە اللەغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوقتۇر. الله بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، اللەنىڭ مەدىتى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

5- الله پاكتۇر، ئۇلۇغدۇر. جىبرئىل ۋە پۈتكۈل مالائىكىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.

6- بۈيۈك الله ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر، پۈتكۈل مەدھىيە اللەغا خاستۇر.

7- اللەنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوقتۇر، ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممە شەيئىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. بۈيۈك الله دىن گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشنى سورايمەن، تەۋبە ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن.

8- ئى الله! سەن بەرگەن نەرسەڭنى چەكلىگۈچى، چەكلىگەن نەرسىنى بەرگۈچى يوقتۇر. سېنىڭ ھۆكمىڭنى ھېچ كىم قايتۇرالمايدۇ، سەندىن باشقا بىرەر شەرەپ ئىگىسى پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

9- ئى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلە -تاۋابىئاتىغا رەھمەت قىلغىن.

10- ئىسمى سەۋەبى بىلەن ئاسمان-زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان الله نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، الله ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە بىلگۈچىدۇر.

مۇشۇ كەلىمىلەرنى يۈز ياكى يەتمىش ۋە ئون قېتىمدىن تەكرارلاپ ئوقۇغىن، كۆن چىقىشتىن بۇرۇن دۇنيا سۆزىنى قىلمىغىن. ھەدىستە مۇنداق

دىيلگەن: «مۇشۇ دۇئالارئوقۇلسا، ئىسمائىل ئەلەيھىسسامنىڭ بالىسىدىن سەككىز قۇلنى ئازاد قىلغاندىن ئەۋزەل». الله خالىسا مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىسەن.

## ــ كۈن چىققاندىن كېيىن چۈشكىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەب ـ ئەخلاق توغرىسىدا ــ

قۇياش چىقىپ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن. (كۈن قىزىل ۋاقتىدا ناماز ئوقۇش چەكلىنىدۇ، شۇڭا بامداتتىن كېيىن قۇياش چىققىچىلىك ئارلىقتا ناماز ئوقۇمىغىن). بۇ چاشگاھ نامىزى بولۇپ، ئىككى، تۆت ياكى ئالتە ۋە ياكى سەككىز رەكئەت ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ. ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇش ئەۋزەل، رەسۇلۇللاھ يۇقارقى بىر قانچە خىل شەكىلدە ئوقۇغان. مۇشۇ ۋاقىتتىن زاۋالغىچە خالىساڭ قانچىلىك ناماز ئوقۇساڭ بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ۋاقتىڭنى تۆت ئىشقا سەرپ قىلغىن.

1ـ خىل ھالەت: دىنغا پايدىلىق ئىلىمغا يۈزلەنگىن. كىشلەر ئىلىم دەپ ئاتىۋالغان، بىراق دىنغا پايدىسى بولمىسا ئاۋارە بولما. پايدىلىق ئىلىم داۋاملىق الله دىن قورقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭغا بولغان قۇلچىلىقىڭنى تونۇتىدۇ، دۇنياغا بولغان ھەۋىسىڭنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئاخىرەتكە بولغان قىزغىنلىقىڭنى ئاشۇرىدۇ، قىلمىشلىرىڭغا توسالغۇ بولۇۋاتقان مۇسىبەتلەرنى بىلدۈرىدۇ، اللەنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان يامان قىلمىشلىق ئۆلىمالارنى شەيتاننىڭ قانداق ئازدۇرغانلىقى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. ناچار سۈپەتلىك ئۆلىمالار دىننى دۇنياغا تېگىشىش، ئىلمنى ھاكىملاردىن مال ئۈندۈرىۋېلىش ئۈچۈن ۋاستە قىلىش، يېتىم ـ يېسىر ۋە ۋەقپە ماللىرىنى يېيىش، بۇلارنىڭ ئاساسى غېمى خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئىلىش ۋە نوپۇزدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بۇ غېمى ئۆز ـ ئارا بەسلىشىش، رىياخورلۇق، ماختانچاقلىق گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ تېمىدىكى ئىلىمنى «دىنىي

ئىلمىنىڭ گۈللىنىشى» ناملىق ئەسەردە بايان قىلدۇق. سەن مۇشۇ خىلدىكى كىشى بولساڭ ئىلىم ئۆگەن، ئەمەل قىل، باشقىلارنى بۇنىڭغا ئۈندىگىن. بۇ ئىلىمنى ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئۈندىگەن كىشى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شاھادىتىگە لايىق كىشى ھىسابلىنىدۇ. بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىپ ئۆزۈڭنى زاھىرى ۋە باتىنى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىپ، بىر ئاز ۋاقىت تاپالىساڭ بىرەر مەزھەبنىڭ پىقھىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قويساڭ ھېچ يامىنى يوق. بۇ ئىبادەتتە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان شاخچا مەسىلىلەرنى ۋە ئىنسانلار دۇنيانىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىگە بېرىلىپ كەتكەندە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرھال يول تۇتۇشۇڭ ئۈچۈندۇر. بۇ پەرز كۇپايىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ مۇھىم دەپ قارالغان ئىلىمدىن كېيىن ئىگەللىنىدۇ. ناۋادا قەلبىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زىكىر-تەسبىھنى ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىڭ ئۈچۈن تاشلاشقا ئۈندىسە، قەلبىڭنى شەيتان چىرمىۋاپتۇ. مانا بۇ مال-دۇنيا ۋە مەنسەپنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭنىڭ سەۋەبى. ئىنساننى ھالاك قىلىدىغان مەغرۇرلۇقتىن يىراق بول. ئۆزۈڭنى بىر مەزگىل ئىبادەت ۋە زىكىر-تەسبىھ ئارقىلىق سىناپ كۆرۈپ ماللىق ھېس قىلمىساڭ، اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ھالدا ئىلىمغا بولغان قىزىقىشىڭ زىيادە بولسا، نىيىتىڭ دۇرۇس بولسىلا نەفلە ئىبادەتتىن ئىلىم ئۆگەنگىنىڭ ياخشى. ئاساسلىق مەقسەت نىيەتنىڭ سەممىي بولغىنى تۈزۈك.

2ـ خىل ھالەت تۆۋەندىكىچە بولۇپ، پايدىلىق ئىلىم ئۆگىنەلمىگەن تەقدىردىمۇ، تۈرلۈك ئىبادەت، زىكىر، تەسبىھ، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش لازىم. مانا بۇ سالىھلارنىڭ، ئابىدلارنىڭ ۋە نىجاتكارلارنىڭ يولىدۇر.

3ـ خىل ھالەت: مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ياكى سالىھلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش

لازىم. مەسىلەن: ئالىملارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، دىندار ھەقىقى تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ قولىنى سوۋۇتۇش، پىقىر-مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، كېسەل يوقلاش، جىنازا نامىزىغا ئەگىشىش قاتارلىق ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش لازىم. مانا بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئەجرى نەفلىدىن كاتتا بولۇپ، بۇ ئىبادەتلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ھەمنەپەس بولغىلى بولىدۇ.

4- خىل ھالەت: يۇقىرىقى ئىشلارغا قۇربىتىڭ يەتمىسە، ئۆزۈڭنىڭ خىراجىتى ۋە بالا-چاقىلىرىڭغا نەپىقە قىلىش ئۈچۈن ھالالدىن پۇل تېپىشىڭ ۋە ئەمگەك قىلىشىڭ لازىم، شۇنداقلا باشقىلار سېنىڭ قول ۋە تىلىڭنىڭ ئەزىيىتىدىن ساقلىنىشى كېرەك. گۇناھ ئۆتكۈزمەي مۇشۇ ئىشنى قىلالىساڭمۇ، بەك يۇقىرى ماقامغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، سالىھلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايسەن. مانا بۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجە بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسى شەيتاننىڭ يولىدۇر. دىنىڭنى نابۇت قىلىدىغان، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئامىللاردىن ساقلان، بۇ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ يولىدۇر. بىلگىنكى، ئىنسان دىني نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۈچ خىل بولىدۇ:

1- گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزمەي، پەرز ئەمەللەرنىلا قىلغان كىشى بولۇپ، بۇ ئامان قالغۇچىلار.

2- نەفلە ئەمەللەرنى ئاشۇرۇپ قىلغان تەقۋادارلار بولۇپ، بۇ پايدا ئالغۇچىلار.

3- پەرز ئەمەللەرنى تولۇق قىلمىغان كىشى بولۇپ، بۇ زىيان تارتقۇچىلار.

پايدا ئالغۇچى بولالمىغان تەقدىردىمۇ، ئامان قالغۇچى بولغىن، ھەرگىزمۇ زىيان تارتقۇچى بولۇپ قالما.

ئىنسانلار ئادىمىيلىك نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۈچ خىل بولىدۇ:

1- ئېسىل پەرىشتىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇلار پەرىشتىلەرنىڭ نىشانى بويىچە ئىش تۇتۇپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ.

2- هايۋاناتلار ۋە جانسىز جىسىملارغا ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىنسانلارغا ھېچ پايدىسى يوق، ھەمدە يامانلىقمۇ يوق.

3- يىلان-چايانلارغا ئوخشايدۇ. بۇلاردىن ياخشىلىق كۈتمەي، يامانلىقىدىن ساقلىنىش لازىم.

پەرىشتىلەردەك ئالىي سۈپەتنى ھازىرلىيالمىساڭمۇ، يىلان-چايان كەبى بولۇپ قېلىشتىن ساقلان. يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىزگۈ ئەخلاقنى ئۆزۈڭگە زىننەت قىلالمىساڭمۇ، رەزىل سۈپەتتىن خالىي بولۇش كېرەك. مۇشۇ ئەھۋالدا ئالمىغان-بەرمىگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. كۆندۈزلىرى دۇنيا-ئاخىرەتكە پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغىن. جەمئىيەتتە يۈرۈپ دىنىڭنى ساقلاپ قالالمىساڭ، يالغۇزلۇقنى تاللىساڭمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدىمۇ اللەنى رازى قىلىدىغان كۆرۈنەرلىك ئىبادەت قىلالماي، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلالمىساڭ ئۇخلىغىن. مانا بۇمۇ بىر ياخشى ئەھۋال. لېكىن ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ دوستى، بۇ تەرىپىنى ئۇنۇتما. ئۇ ھاياتلىقنى نابۇت قىلىدۇ، ئۇخلىغان كىشىنىڭ جانسىز جىسىملاردىن پەرقى يوق. يۇقىرىقى نەسىھەتنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتساڭ اللە خالىسا نەتىجە قازىنىسەن.

## --بامداتتىن باشقا نامازلارغا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا--

پېشىنغا زاۋالدىن بۇرۇن تەييارلىق قىلىشىڭ كېرەك. ناۋادا كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ياكى ئىزگۈ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولساڭ، كۆندۈزلىرى ئازراق ئۇخلىۋال، كېچىدە قىينالمايسەن، خۇددى ئەتىگەندە سوھۇرلۇق يېگەن كىشى كۈندۈزى قىينالمىغاندەك. تەھەججۇد ئوقۇماي كۈندۈزى ئۇخلاش روزا تۇتماي سوھۇرلۇق يېگەنگە ئوخشاشتۇر. زاۋالدىن بۇرۇن ئويغىنىپ تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە كېلىپ، ئىككى رەكئەت مەسجىد ھەققى نامىزى ئوقۇغىن. ئەزاننى ئاڭلىغىنىڭدا مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى

دېگەن. ئەزاندىن كېيىن تۆت رەكەت پېشىننىڭ سۈننىتىنى ئوقۇغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ نامازنى ئۇزۇنراق ئوقۇيتتى ۋە مۇنداق دېگەن ئىدى:« بۇ ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئەمىلىمنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىنى ياخشى كۆرىمەن». يەنە ھەدىستە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:« كىم مۇشۇ تۆت رەكئەت نامازنى ئوقۇسا، رۇكۇ-سەجدىلىرىنى ياخشى ئادا قىلسا، بۇ كىشى بىلەن يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىرگە ناماز ئوقۇپ كېچىگىچىلىك مەغپىرەت تىلەيدۇ». ئاندىن ئىمام بىلەن پەرزنى ئوقۇغىن. پەرزدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇپ، ئەسىرگىچىلىك بولغان ئارلىقتا ئىلىم بىلەن ياكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش، قۇرئان ئوقۇش ياكى دىنىڭنى ساقلاپ قىلىش يۈزىسىدىن تېرىكچىلىك بىلەن مەشغۇل بولغىن. ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«ئەسىردىن بۇرۇن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن». بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى يەتسە ئەجەب ئەمەس، تىرىشقىن. ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغىن. ۋاقتىنى ھەرگىزمۇ بىكار ئۆتكۈزمە، ئۆزۈڭدىن داۋاملىق ھېساب ئېلىپ تۇرغىن. كېچە -كۈندۈز ۋاقتىڭنى جەدۋەللەشتۈرگىن. مۇشۇ ئۇسۇلدا داۋاملاشسا ۋاقتىنىڭ بەرىكىتىنى كۆرىسەن. بىراق ئىنسان ۋاقتىنى خۇددى ھايۋاندەك ئەھمىيەتسىز، نېمە ئىش قىلىشىنى بىلمەي ئۆتكۈزىۋەتسە كۆپ ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدۇ. سېنىڭ ۋاقتىڭ ئۆمرۈڭدۇر، ئۆمرۈڭ دەسمايەڭدۇر. تىجارىتىڭ مۇشۇ دەسمايە بىلەن يۈرۈشىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ سودا بىلەن اللەنىڭ ھوزۇرىدىكى تۈگىمەس نىئمەتكە ئېرىشىسەن. سېنىڭ ھەر بىر تىنىقىڭ قىممەتلىك بايلىق، قولدىن كەتسە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ھەر كۈنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، مال-دۇنيانىڭ كۆپىيىشىدىن خۇرسەن بولىدىغانلاردەك ھاماقەت بولما. ئىنساننىڭ ئۆمرى قىسقىراپ

**مال-دۇنياسى كۆپەيسە، بۇ قانداقمۇ ياخشىلىق بولسۇن؟ ئىلمىڭ ۋە ئەمەلىڭ كۆپەيسە خۇشال بولساڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى دوستلىرىڭ، بالىلىرىڭ، مال-دۇنيا ۋە ئائىلەڭ كېتىپ قالىدىغان ۋاقىتتا بىردىن-بىر ھەمراھىڭدۇر. قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا، ئامال بار مەسجىدكە بېرىپ زىكىر-تەسبىھ بىلەن بولۇشقا تىرىشقىن. چۈنكى بۇ ۋاقىتمۇ كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتەك پەزىلەتلىك. اللە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭغا كۈن چىقىش ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن مەدھىيە ۋە تەسبىھ ئېيتقىن». كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى سۈرە «شەمس» «لەيل» «فەلەق» «ناس»نى ئوقۇغىن. كۈن سەن ئىستىغپار ئېيتقان ھالەتتە كىرسۇن. ئەزان ئاڭلىغان ۋاقتىڭدا مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئەزان كەلىمىلىرىنى ئېيتقىن. يۇقىرىدىكى ئەزاندىن كيىن ئوقۇلىدىغان دۇئانى ئوقۇغىن. شامنى ئوقۇپ پەرزدىن كيىن گەپ-سۆز قىلماي، ئىككى رەكئەت شامنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇغىن، يەنە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، بۇمۇ سۈننەت. ناۋادا ئىمكانىيىتىڭ يار بەرسە، خۇپتەن نامىزىغىچىلىك ئىتىكاپنى نىيەت قىلىپ، ناماز ۋە زىكىر-تەسبىھ بىلەن ئۆتكۈزگىن. بۇ كېچىنىڭ دەسلىپى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بىر قانچە ھەدىس بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغان ۋاقىتتا، « تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ» }ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن-كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ). ‹سۈرە سەجدە.16-ئايەت› {پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا ئوقۇلغان ناماز دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى كىشى بۇ ناماز بىلەن كۈندۈزدە يۈز بەرگەن ناشايان قىلمىشلارنى تازىلاپ، كۈننىڭ ئاخىرىنى ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ. خۇپتەن نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە، تەكبىر بىلەن ئەزان ئارىسىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس بار:« ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا قىلىنغان دۇئا ئىجابەتتۇر». ئاندىن**

پەرز ۋە ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇغىن. بۇ ئىككى رەكئەت سۈننەتتە سۈرە«سەجدە» «تابارەك» «ياسىن» ۋە «دۇخان»لەرنى ئوقۇغىن. بۇ توغرىلىقمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، ھەدىستە بۇنىڭ پەزىلتى بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى ئوقۇغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىدا سۈرە «ئەئلا» «كافىرۇن» «ئىخلاس» «فەلەق» ۋە «ناس» سۈرىلىرىنى ئوقۇيتتى. بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشقىن. ئەگەر تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش نىيىتىڭ بولسا، ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا ئوقۇساڭ ئەۋزەل. نامازدىن كېيىن ئىلىم مۇزاكىرە قىلىش، كىتاب كۆرۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇخلاش ۋاقتىدا بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولما.

## -- ئۇخلاشتىكى ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا--

ئۇخلىغاندا ئورنۇڭنى قىبلىگە قارىتىپ سالغىن. خۇددى مېيىتنى قەبرىدە قويغاندەك، قىبلىگە قاراپ ۋە ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ ياتقىن. ئۇيقۇ ئۆلۈمگە، ئويغىنىش تىرىلىشكە ئوخشايدۇ. ناۋادا اللە شۇ كېچە ئەجىلىڭنى بېكىتكەن بولسا تاھارەت بىلەن ئۇچرىشىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغىن. ۋەسىيىتىڭ ياستۇق بېشىدا بولسۇن. گۇناھىڭدىن تەۋبە قىلغان، قايتا گۇناھ قىلماسلىقنى ئىرادە قىلغان، اللە ئۇيقۇڭدىن تىنچ-ئامان ئويغاتسا پۈتكۈل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن ھالدا ئۇخلىغىن. سەن شۇنى ئەسلەپ قويغىنكى، قەبرىدە يېگانە ياتىسەن، ساڭا پەقەت ئەمىلىڭلا ئەسقاتىدۇ. كەلمىگەن ئۇيقۇنى زورلاپ ئۇخلىما، ئۇيقۇ ھاياتنى نابۇت قىلىدۇ، بىراق ئويغاق ھالىتىڭ زىيانلىق بولسا ئۇخلىغىنىڭ ياخشى. كېچە-كۈندۈز 24 سائەت، ئۇيقۇڭ سەككىز سائەتتىن ئېشىپ كەتمىسۇن. 60 يىل ئۆمۈر كۆرسەڭ 20 يىلنى ئۇخلاپ تۈگىتىسەن، مۇشۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

ئۇخلىغان ۋاقتىڭدا مسۋاك ۋە تاھارەت سۇيى تەييارلاپ قويغىن. تاڭدىن بۇرۇن تەھەججۇد ئوقۇشقا تىرىشقىن. كېچىدە ئوقۇلغان ئىككى رەكئەت ناماز ناھايىتىمۇ زور بايلىقتۇر، دۇنيانىڭ بايلىقى ھەرگىزمۇ پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ پايدىنى تۈپلاشقا ئۇرۇنغىن.

ئۇخلىغان ۋاقتىڭدا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇغىن:« ئى اللە! سېنىڭ نامىڭ بىلەن يېنىمنى قويىمەن ۋە نامىڭ بىلەن كۆتۈرىمەن. گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى اللە! بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرگەن كۈندە ئازابىڭدىن ساقلىغىن» «ئى اللە! نامىڭ بىلەن ھايات كەچۈرىمەن ۋە ئۆلىمەن. ھەرقانداق يامانلىقتىن، ھەر بىر چارپايىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! سەن توغرا يولنىڭ ئىگىسىسەن. سەن ھەممىدىن قەدىمىي، سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق؛ سەن ھەممىدىن ئاخىرقى، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە يوق. سەن ناھايىتىمۇ روشەن، سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھېچ نەرسە يوق؛ سەن ناھايىتىمۇ يوشۇرۇن، سېنىڭ تۆۋىنىڭدە ھېچ نەرسە يوق. قەرزىمنى تۆگىتىپ بەرگىن، پېقىرلىقتىن قۇتقۇزغىن. ئى اللە! مېنى سەن ياراتتىڭ، سەن جېنىمنى قەبزى روھ قىلىسەن، ھاياتىم ۋە ماماتىم سېنىڭ ئىلكىڭدە. ناۋادا ئەجىلىم توشسا گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ناۋادا ھاياتلىق بەرسەڭ سالىھ بەندىلىرىڭنى ساقلىغاندەك ساقلىغىن. ئى اللە! سەندىن خاتىرجەملىك ۋە كەچۈرۈم تىلەيمەن. ئى اللە! سەن مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىتتا ئويغاتقىن، ياخشى ئەمەلگە مۇيەسسەر قىلغىن. ئۆزۈڭگە يېقىن، غەزىپىڭدىن يىراق قىلغىن. تىلىسەم بەرگىن، گۇناھىمنى تىلىسەم كەچۈرگىن، دۇئا قىلسام ئىجابەت ئەيلىگىن.» دۇئادىن كېيىن «ئايەتۇل كۇرسى»، سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەت، «ئىخلاس» «فەلەق» «ناس» «تابارەك»قاتارلىق سۈرىلەرنى ئوقۇپ، تاھارەت ئۈستىدە ئۇخلىغىن. كىم مۇشۇنداق قىلسا، روھى ئەرشكە چىقىدۇ، ئويغانغانغا قەدەر ناماز ئوقۇغاننىڭ ئەجرى بولىدۇ. ئۇيقۇدىن ئويغانغان ۋاقتىڭدا يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغىن.

قالغان ئۆمرۈڭنىمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئاياغلاشتۇرغىن. داۋاملاشتۇرۇش ئېغىر تۇيۇلسا دورىنىڭ ئاچچىقىنى ئىچىپ ساقىيىشنى ئۈمىد قىلىپ ياتقان كېسەلدەك سەۋر قىلغىن. يۈز يىل ياشىساڭمۇ ئۆمرۈڭنىڭ قىسقىلىقىنى، مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ داۋامى بولغان ئاخىرەت كۈنىنىمۇ ئويلاپ قويغىن. 20 يىل باياشات ياشاش ئۈچۈن دۇنيا ئىزدەپ، يىللاپ-ئايلاپ جاپا چېكىسەن، ئەبەدىي راھەتنى دەپ بىر نەچچە كۈن جاپا تارتساڭ نېمىسى يامان؟ خام-خىيال ۋە ئارزۇلانى كۆپ ئويلىما، بولمىسا ئەمەل ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئۆلۈمنىڭ ئىنسانغا بەكمۇ يېقىنلىقىنى ئويلاپ، بۈگۈن سەۋر قىلسام ئەتە ئۆلىشىم مۇمكىن دېگەننى نەزەردىن ساقىت قىلما. چۈنكى ئۆلۈم مۇئەييەن ۋاقىت، ياش ۋە ئېنىق ھالەتكە باقمايدۇ. ئېھتىمال ئۆمرۈڭ بەكمۇ قىسقا، بەلكىم بىر كۈن، بىرەر سائەت ياكى بىرەر يىل بولۇشى مۇمكىن. ئۆلۈمنى ئەستىن چىقارماي تەييارلىق ھالەتتە تۇرماق نەقەدەر ياخشى ھە! ئۆزۈڭنى تائەت-ئىبادەت يولىدا سەۋر قىلىشقا ئادەتلەندۈرگىن. ئىنسان قەلبى ئىبادەتكە دائىم ئېغىرلىق تۇيغۇسى بىلەن قارايدۇ. بىراق ئۆلگەندە چەكسىز خۇشال بولىسەن، سەل قارىساڭ چەكسىز پۇشايماندا قالىسەن...

## --نامازدىكى ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا--

تاھارەت ئېلىپ، كىيىم ۋە بەدىنىڭدە، ناماز ئوقۇيدىغان ئورنۇڭدا نىجاسەت بولسا تازىلىۋېتىپ، قەدىمىڭنى رۇسلاپ قىبلىگە يۈزلەنگىن. سۈرە«ناس»نى ئوقۇپ قەلبىڭدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى يىراق قىلغىن. كىمنىڭ ئالدىدا كىمنى دەپ مۇناجات قىلۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇما. پەرۋەردىگارىڭغا غاپىل قەلب بىلەن مۇناجات قىلىشتىن ھايا قىلغىن. اللهتائالا قەلبىڭنىڭ ئىچ سىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. الله نامىزىڭنى قانچىلىك قورقۇشۇڭ ۋە ئىخلاسىڭ بىلەن ئوقۇغىنىڭغا قاراپ قوبۇل قىلىدۇ.

نامازدا گەرچە سەن اللهنى كۆرمىسەڭمۇ، بەئەينى كۆرۈپ تۇرغاندەك

ئوقۇغىن. قەلبىڭدە ئىخلاس بولمىسا، اللەنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇمايسەن. يۈز-ئابرويلۇق بىر كىشى نامازئوقۇۋاتقان ھالىتىڭگە قاراپ تۇرسا، بۇ كىشىدىن ھايا قىلىپ، نامازنى بەكمۇ ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇيسەن. قولىدىن پايدا-زىيان كەلمەيدىغان مۇشۇ كىشىدىن شۇ دەرىجىدە ھايا قىلىسەن-يۇ، ياراتقۇچىلىك بولغان پەرۋەردىگارىڭ اللەدىن ھايا قىلمامسەن؟ داۋاملىق مۇشۇ ئۇسۇلدا ئويلانغىن. بەلكىم ئىخلاس ۋە قورقۇش(خۇشۇئ) سەندىن يىراق بولمىسا كېرەك. غەپلەت بىلەن قىلغان ئىبادىتىڭگە تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتقىن. يالغۇز بولساڭمۇ تەكبىر ئېيتىشنى تاشلىما. جامائەت يىغىلسۇن دىسەڭ ئەزان ئېيتىپ، ئاندىن تەكبىر ئېيتقىن. تەكبىر ئېيتقان ھالەتتە (مەسلەن: پىشىن ئوقۇماقچى بولساڭ پىشىننىڭ پەرزى دېگەن) نىيەت بولسۇن. نامازغا قۇلاق قاققان ۋاقتتا، ئىككى ئالقىنىڭنىڭ بارمىقنى بەكمۇ ئېچىۋەتمىگەن ھەمدە بەكمۇ يۇمۇۋالمىغان ھالدا، بارمىقىڭ قۇلاق باراۋىرىدە، ئالقىنىڭ مۈرىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈلسۇن. ئىككى قولۇڭنى كۆتۈرۈپ قىبلىگە راۋۇرۇس يۈزلەنگەن ھالدا تەكبىر ئېيتقىن. قولۇڭنى ئالدى-كەينىگە پۇلاڭلاتماي ناھايىتىمۇ يېنىك، ئاستا چۈشۈرگىن. ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بارماقلىرىڭنى كەڭ يېيىپ، بېغىشنى قوشۇپ بىلەكنى چىڭ تۇتقىن. تەكبىردىن كيىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن:«ئى اللە! سەن ناھايىتىمۇ بۈيۈك، ساڭا سان-ساناقسىز مەدھىيە بولسۇن، سەن دائىم ئەيىب-نۇقساندىن پاك». «يۈزۈمنى شېرىكلىكتىن خالىي ۋە توغرا مۇسۇلمان ھالىتىدە ئاسمان-زېمىننى ياراتقان اللە تەرىپىگە قاراتتىم، نامىزىم، ھايات-ماماتىم ۋە قۇربانلىقىم شېرىكى يوق پۈتكۈل دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللە ئۈچۈندۇر، مەن شۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمان جۈملىسىدىنمەن» «ئى اللە! ساڭا سېغىنىپ قوغلانغان لەنىتى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن». ئاندىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغىن. «زا،زات.زە»نىڭ پەرقىنى ئايرىغىن. «ئامىن»نى «ۋەلازززالىين»غا ئۇلاپ

دېمىگىن. بامدات، شام، خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە سۈرىنى ئۈنلۈك ئوقۇغىن. ئامىننى جەھرى دېگىن. (غەززالى شافىئى مەزھەبىدە بولغاچ، ئامىننى جەھرى دېيىشنى تەشەببۇس قىلغان) بامدات نامىزىدا ئۇزۇن سۈرىلەرنى، شام نامىزىدا قىسقا، ئەسىر ۋە پېشىن نامىزىدا ئوتتۇرھال سۈرىلەرنى ئوقۇغىن. سۈرىنىڭ ئاخىرنى ئوقۇپ بولۇپلا رۇكۇغا بارماي، «سۇبهانەلله» دېگەن سۆز مىقدارى توختىغىن. قىيامدا سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قارىغىن، قەلبىڭ مەركەزلىشىدۇ. نامازدا تۇرۇپ ئۇيان-بۇيانغا قارىما، ياكى كۆز يۈگۈرتمە. رۇكۇ قىلغاندا قولۇڭنى كۆتۈرگىن. تەكبىر ئاۋازى ئېغىشكىچىلىك داۋاملاشسۇن. بارماقلىرىڭنى يېيىپ ئىككى ئالقىنىڭ بىلەن تىزىڭنى تۇتقىن. تىزىڭنى تىك تۇتۇپ باش، گەجگە، دۈمبەڭنى يېپتەك تۈپ-تۈز تۇتقىن. ئىككى جەينىكىڭنى قولتۇقۇڭغا يىغىۋالمىغىن. «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم»نى ئۈچ قېتىم دېگىن. ناۋادا يالغۇز بولۇپ، ئارتۇق دېمەكچى بولساڭ يەتتە ياكى ئون قېتىم دېسەڭ بۇمۇ بولىدۇ. ئاندىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ تۈزلىگىن، «سەمى الله لىمەن ھەمىدە»دېگەن ھالدا ئىككى قولۇڭنى كۆتۈرگىن. تۈزلىنىپ بولۇپ «ئى پەرۋەردىگار! ساڭا ئاسمان-زېمىندىكى ۋە زامان ئاخىرغىچىلىك بولغان شەيئىلەرنىڭ سانى بويىچە ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز» دېگەن دۇئانى دېگىن. بامدات نامىزىنى يالغۇز ئوقۇغان بولساڭ ئىككىنجى رەكئەتتە رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، «دۇئايى قۇنۇت» ئوقۇغىن. ئاندىن ئىككى قولۇڭنى كۆتۈرمەي تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلغىن، زېمىنغا دەسلەپ تىزىڭنى، ئاندىن ئىككى قولۇڭنى، ئاندىن پېشانە ۋە بۇرنۇڭنى قويغىن. جەينىكىڭنى يۇمۇۋالمىغىن، قورسىقىڭنى يوتاڭغا چاپلىۋالمىغىن، ئىككى قولۇڭنى جايىنامازغا ئىككى مۈرىنىڭ باراۋىرىدە قويغىن، بىلىكىڭنى يەرگە خۇددى ئىتتەك چاپلىۋالمىغىن. «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا»نى ئۈچ، يەتتە ياكى ئون قېتىم دېسەڭمۇ بولىدۇ. ئاندىن سەجدىدىن تەكبىر ئېيتقان ھالدا بېشىڭنى كۆتۈرگىن، ئوڭ

پۈتۈڭنى تىكلەپ سول پۈتىڭدا ئولتۇرغىن، بارماقلىرىڭنى يىغىۋالماي ئىككى قولۇڭنى يوتاڭغا قويۇپ ئولتۇرغىن. ھەمدە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن:« ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، رىزىق بەرگىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا سەبىر ئاتا قىلغىن، مېنى كەچۈرگىن ۋە ماڭا ئەمىنلىك ئاتا قىلغىن». ئاندىن ئىككىنچى سەجدىدىمۇ ئاشۇنداق قىلغىن. ھەربىر رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا ئازراق ئولتۇرغىن، ئىككى قولۇڭنى يەرگە قويۇپ تۇرۇپ، ئىككى پۈتۈڭنى ئالدى-كەينى قىلماي تەكبىر ئېيتقان ھالدا قوپقىن. ئىككىنچى رەكئەتنىمۇ شۇنداق ئوقۇغىن. ھەر بىر رەكئەتنىڭ بېشىدا «ئەئۇزۇ»نى ئۇنۇتمىغىن. ئىككىنچى رەكئەتتە تەشەھھۇدقا ئولتۇرغىنىڭدا، ئوڭ قولۇڭنى ئوڭ يوتاڭنىڭ ئۈستىگە يېيىۋەتمەي قويغىن. « الا اللہ » دېگەن تەشەھھۇد كەلىمىسىگە كەلگەندە، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭ بىلەن ئىشارەت قىلغىن. سول قولۇڭنىمۇ سول يوتاڭنىڭ ئۈستىگە قويغىن. بۇتەشەھھۇدتا سول پۈتۈڭنىڭ ئۈستىدە، ئاخىرقى تەشەھھۇدتا يەرگە كاساڭنى قويۇپ ئولتۇرغىن. ھەدىستە بايان قىلىنغان دۇئالارنى ئوقۇغىن. ئاخىرىدا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ ئىككى تەرىپىڭگە سالام بەرگىن. سالامنى پۈتكۈل پەرىشتىلەرگە ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاتاپ قىلغىن.

يۇقىرىدىكىسى ناماز شەكلى بولۇپ، نامازنىڭ تۈۋرۈكى دۇئا، تەپەككۇر، قىرائەت ۋە ئىخلاستۇر. ھەسەن بەسەرى (الله بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ:«ئىخلاس بولمىغان ناماز ئازاب-ئوقۇبەتكە يېقىندۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«بەزى كىشىلەر ناماز ئوقۇسا، ئوقۇغان نامىزىنىڭ ئالتىدىن بىرى ياكى ئوندىن بىرىمۇ شۇ كىشىنىڭ دەپتىرىگە يېزىلمايدۇ، بەلكى نامازدىكى ئىخلاس يېزىلىدۇ».

## -- ئىمامىلىقتىكى ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا --

ئىمام بولغان كىشى نامازنى يەڭگىل ئوقۇشى كېرەك. ئەنەس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدەك نامازنى يەڭگىل ۋە كامىل ئادا قىلىدىغان كىشىنى كۆرمىدىم». ئىمام مۇئەززىن تەكبىرنى ئېيتىپ بولغاندا، سەپنى رۇسلاپ بولۇپ ئاندىن نامازغا تۇرىدۇ. ئىمام «اللە ئەكبەر» نى ئۈنلۈك، جامائەت مەخپىي دەيدۇ. ئىمام بولغان كىشى ئىماملىقنى نىيەت قىلىش لازىم. «بىسمىللا»نى ۋە «سۇبھانەكە»نى مەخپىي دەپ، بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە سۈرىنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ئۈنلۈك نامازدا «ئامىن»نى ئۈنلۈك دەيدۇ، جامائەتمۇ تەڭ ئۈنلۈك دەيدۇ. سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولۇپ بىردەم تۇرىدۇ. مۇشۇ ئارلىقتا جامائەت سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشى لازىم، چۈنكى ئىمام سۈرە باشلىغاندا سۈرىگە قۇلاق سېلىش كېرەك. (غەززالى شافىئى مەزھەپىدە بولغاچقا، جامائەتنىڭ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشىنى سۈننەت دەپ قارايدۇ، بىراق ھەنەفىي مەزھەپىدە بۇ چەكلىنىدۇ، ئىختىلاپ چىقارماي قايسىسىنى قىلسا دۇرۇس) جامائەت ئۈنلۈك نامازدا سۈرە ئوقۇمايدۇ، بىراق ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىسا ئوقۇسا بولىدۇ. ئىمام رۇكۇ ۋە سەجدىدە تەسبىھنى ئۈچتىن ئارتۇق دېمىگىنى ياخشى. ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇش لازىم. ئاخىرقى تەشەھھۇدتىمۇ قىسقا دۇئا ئوقۇش ياخشى. سالام قىلغاندا ئىمام جامائەتنى، جامائەت ئىمامنى كۆڭلىگە پۈكۈپ سالام قىلىدۇ. ئىمام سالامدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ جامائەتكە قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئەگەر سەپتە ئاياللار بولسا ئۇلار قايتىپ بولغاندىن كېيىن جامائەتكە يۈزلىنىدۇ. ئىمام ئوڭدىن ياكى سولدىن قايتسا بولىدۇ، بىراق ئوڭدىن قايتسا ئەۋزەل. ئىمام بامدات نامىزىدا قۇنۇت ئوقۇسا كۆپلۈك ئىبارىسى بىلەن ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: ئى اللە! بىزنى ھىدايەت قىلغىن دېگەندەك. دۇئانى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، كىشىلەر ئامىن دېيىشىپ بېرىدۇ. ئىقتىدا قىلغان كىشى سەپتە يالغۇز تۇرۇۋالمايدۇ، نامازدىكى ھەرىكەتلىرى ئىمامدىن ئىلگىرى ياكى تەڭ بولمايدۇ، بەلكى

بىر ئاز كەيىندىن ئەگىشىش كېرەك. ئىمام رەسمىي رۇكۇ قىلىپ بولغاندا رۇكۇ قىلىدۇ، سەجدە قىلىپ بولغاندا سەجدە قىلىدۇ.

## --جۈمە نامىزى توغرىسىدا--

جۈمە كۈنى اللە مۇشۇ ئۈممەتكە خاس قىلغان شەرەپلىك كۈن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمىدۇر. بۇ كۈندە نامەلۇم بىر ۋاقىت بولۇپ بەندە دۇئا قىلىپ شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كەلسە ھاجىتى راۋا بولىدۇ. بۇ كۈنگە پەيشەنبە كەچ كىيىم-كېچەكنى تازىلاپ، زىكىر-تەسبىھنى كۆپ ئېيتىپ تەييارلىق قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ ۋاقىتمۇ جۈمە كۈنى بىلەن ئوخشاش. جۈمە كۈنى پەيشەنبە ياكى شەنبە كۈننى قوشۇپ روزا تۇتقىن، چۈنكى جۈمە كۈندە يالغۇز روزا تۇتۇش چەكلەنگەن. تاڭ يورۇغاندا يۇيۇنۇپ، پاكىز ئاق كىيىملەرنى كىيىپ، ياخشى پۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ، تىرناق قاتارلىق پاكىزلەشكە مۇناسىپ ئورۇنلارنى تازىلاپ تەييارلىق قىلغىن. مەسجىدكە تەمكىنلىك بىلەن، بۇرۇن بارغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«جۈمە نامىزىغا بىرىنجى ۋاقىتتا بارغان كىشى تۆگە سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئىككىنجى ۋاقىتتا بارغان كىشى كالا سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئۈچىنجى ۋاقىتتا بارغان كىشى قوچقار سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، تۆتىنجى ۋاقىتتا بارغان كىشى توخۇ سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، بەشىنجى ۋاقىتتا بارغان كىشى تۇخۇم سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. ئىمام خۇتبىگە چىقسا، پەرىشتىلەر دەپتەرلىرىنى قاتلاپ، مۇنبەر ئەتراپىغا يىغىلىپ، خۇتبە تىڭشايدۇ». مەسجىدكە كىرگەن ۋاقتىڭدا، بىرىنجى سەپنى كۆزلە، لېكىن كىشىلەر ئولتۇرۇپ بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ مۈرىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمە. ئالدىڭدىن باشقىلارنىڭ ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن تۈۋرۈك ياكى تامغا يېقىن ئولتۇرغىن. ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسا، تەھىييەتۇل مەسجىد (مەسجىد ھەققى نامىزى) نامىزىنى تاشلىما. بۇ كۈندە رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھسسالامغا كۆپ دۇرۇت ئېيتقىن. خۇتبىگە ئولتۇرسا، ناماز ۋە سۆزنى توختىتىپ، خۇتبە تىڭشىغىن. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:«ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتسا، يېنىدىكى كىشىگە ‹جىم ئولتۇرغىن› دېسە لەغۋە قىلغان بولىدى، لەغۋە قىلغان كىشىنىڭ جۈمەسى جۈمە بولمايدۇ». باشقىلارنى سۆز بىلەن ئەمەس ئىشارەت بىلەن جىمىقتۇرغان ياخشى. نامازدىن سالام بېرىپ، گەپ-سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى سۈرە «فاتىھە» «ئىخلاس» «فەلەق» «ناس» نى يەتتە قېتىمدىن ئوقۇغىن. بۇ سىنى مۇشۇ جۈمەدىن كېلەر جۈمەگىچىلىك شەيتاندىن ساقلايدۇ. يەنە تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇغىن:«ئى مەدھىيەگە لايىق، بىھاجەت، ئىنسانىنى ياراتقۇچى، قايتا تىرىلدۈرگۈچى سۆيۈملۈك مېھرىبان زات! ھالال نېئمىتىڭ بىلەن ھارامدىن ساقلىغىن، تائىتىڭ بىلەن گۇناھتىن يىراق قىلغىن. پەزلى-ئېھسانىڭ بىلەن كىشىگە موھتاج قىلمىغىن». جۈمەدىن كېيىن تۆت، ئىككى ياكى ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇغىن. بۇ ئۈچ خىل ھالەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان. ئىمكان قەدەر شام ياكى ئەسىر نامىزىغىچىلىك پەزىلەتلىك ۋاقىتنى كۈتۈپ مەسجىدتە ئولتۇرغىن. چۈنكى بۇ نامەلۇم ۋاقىتتۇر. سەن اللەغا ئىلتىجا قىلغان، يالۋۇرغان ھالدا رەھمىتىگە ئېرىشىشەڭ ئەجەپ ئەمەس. مەسجىدتە مەدداھلارنىڭ تۈرلۈك سورۇنىغا قاتناشما، مەنپەئەتلىك ئىلىم سورۇنىغا بېرىپ ئولتۇرغىن. مانا بۇ دۇنياغا بولغان قىزىقىشىڭنى تۆۋەنلىتىپ اللەغا بولغان ئىلتىجانى ئاشۇرىدۇ. سىنى دۇنيادىن ئاخىرەتكە ئۈندىمەيدىغان ھەرقانداق ئىلىم ساڭا نادانلىق، جاھالەت ئىزىنى قالدۇرىدۇ. بۇنداق ئىلىمدىن اللەغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. جۈمە كۈنى قۇياش چىققاندا، زاۋال ۋاقتىدا، كۈن ئولتۇرغاندا، ئىمام خۇتبىگە چىققاندا، نامازغا تۇرغاندا كۆپ دۇئا قىلغىن. بەلكىم يۇقىرىقى پەيتلەردە ئەۋزەل ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ مۇمكىن. قۇدرىتىڭ يەتسە بۇ كۈندە ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلغىن. تۈرلۈك ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغىن. باشقا كۈنلەرگە نىسبەتەن مۇشۇ كۈندە مەخسۇس

ئاخىرەت كۈنىگە تەييارلىق قىلغىن. گۇناھلىرىڭغا كافارەت بولسا ئەجەپ ئەمەس.

## --روزا تۇتۇشتىكى ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا--

«جەنناتۇل فىردەۋس» دەك يۇقىرى ماقامنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ پەرز روزىدىن باشقا نەفلە روزا ۋە تۈرلۈك ئەھمىيەتلىك پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇش لايىق ئەمەس. قىيامەت كۈنى كىشىلەر روزىدارلارنىڭ ئالى ماقامدا پارلاپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ھەسرەت چېكىپ قالىدۇ. بەزى ئىبادەتنىڭ مۇئەييەن كۈندە دەرىجىسى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بۇ توغرىلىق ھەدىستە كۆپلىگەن دۇردانىلەر بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ئەرەفات كۈنى، ئاشۇرا كۈنى، زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنى، رەجەب، شەئبان قاتارلىق كۈنلەر ھەمدە ھەر ئاينىڭ 13-14-15-كۈنلىرى، ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى. ھەپتىلىك، ئايلىق ۋە يىللىق ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭنى مۇشۇ ئايلار، يىللار ۋە كۈنلەردە روزا تۇتۇش ئارقىلىق تۈگىتىۋال. روزا پەقەتلا يېمەك-ئىچمەك، جىنسى مۇناسىۋەتتىنلا قول ئۈزۈش دەپ قالمىغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«بىر قانچىلىغان روزىدارنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلىقتىن باشقا رولى يوق» روزىنىڭ كامىللىقى پۈتكۈل ئەزانى اللە يامان كۆرىدىغان ناشايان ئىشلاردىن ساقلاش ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. كۆزنى نامەھرەمدىن، تىلنى ئەھمىيەتسىز پاراڭدىن، قۇلاقنى اللە چەكلىگەن پاراڭنى ئاڭلاشتىن ساقلاش لازىم. ئاڭلىغۇچىمۇ سۆزلىگۈچىنىڭ شېرىكى ۋە غەيۋەتخورلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:« بەش خىل ئامىل روزىنى بۇزىدۇ: يالغانچىلىق، غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، يالغان قەسەم، ناماھرەمگە يامان كۆز بىلەن قاراش قاتارلىقلار». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ:«روزا قالقانغا ئوخشايدۇ. روزا تۇتقان كىشى سەت گەپ قىلمىسۇن، نادانلىق

قىلمىسۇن، بىرەر كىشى تىللاپ ياكى ئۇرۇشسا، مەن روزىدار دېسۇن». ھالال يېمەكلىك بىلەن ئىپتار قىلغىن، كۆپ يېۋالما. روزىدىن مەقسەت ئىنسانىنىڭ شەھۋىتىنى ۋە بەدەنىنىڭ كۈچىنى تەڭشەشتۇر. كەچتە يېگەن تامىقىڭ سەھەرگىچە ھەزىم قىلىنمىسا، روزا تۇتقانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ الله كۆپ تاماق يېگەنلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. روزىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلغان بولساڭ، كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە روزا تۇتقىن. چۈنكى بۇ ئىبادەتنىڭ ئاساسى ۋە ئاچقۇچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله مۇنداق دەيدۇ، بەندەمنىڭ ھەر بىر قىلغان ياخشى ئەملىگە ئوندىن يەتتە يۈزگىچە ئەجىر بېرىمەن، بىراق روزا ئۈچۈن ئەجرنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن». «نەپسىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، روزىدارنىڭ ئېغىزىدىكى بەلغەم اللەغا مىسك-ئەنبەردىنمۇ خۇشخۇي پۇرايدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: بەندەم شەھۋىتىنى، يېمەك-ئىچمىكىنى مەن ئۈچۈن تەرك ئەتتى، روزا ئۈچۈن ئەجرنى ئۆزۈم بېرىمەن». «جەننەتتە رەييان دېيىلىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىكتىن روزا تۇتقۇچىلارلا كىرەلەيدۇ، ئۇلار كىرىپ بولغاندا ئېتىلىدۇ». مۇشۇنچىلىك تائەت-ئىبادەت توغرىسىدىكى چۈشەنچە سېنىڭ ھىدايەت قوللانماڭغا كۇپايە قىلىدۇ. ناۋادا زاكات ۋە ھەج توغرىلىق كۆپرەك، ناماز ۋە روزا ھەققىدە يۇقىرىراق مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولساڭ، «دىنى ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى»ناملىق كىتابىمغا مۇراجىئەت قىلغىن.

# ئىككىنجى قىسىم

## گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن )

دىن ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

1ـ گۇناھتىن قول ئۈزۈش.
2ـ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش.
گۇناھتىن قول ئۈزۈش بۇ قاتتىقراق تەلەپ. ئىبادەتكە ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ قۇربىتى يېتىدۇ، بىراق شەھۋەتنى پەقەتلا راستچىللار يېڭەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇھاجىر گۇناھتىن قول ئۈزگەن، مۇجاھىد كۆڭۈلنى يېڭەلىگەن كىشىدۇر». بەدەن ئەزالىرىڭ سەندىكى الله نىڭ نېئمىتى ۋە ئامانىتىدۇر. بۇ ئامانەت بىلەن خۇداغا ئاسىي بولۇش نېمىدېگەن زور كۇپۇرلۇق ھە!! ئەزالىرىڭ سېنىڭ پۇقرالىرىڭدۇر. بۇنى قانداق باشقۇرىۋاتىسەن، قاراپ باقە!
«ھەممىڭلار پادا باقۇچى، ھەممىڭلار پاداڭلاردىن ھېساب بېرىسلەر». پۈتكۈل ئەزايىڭ قىيامەت كۈنى ئۆتكۈر تىلى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن سېنى رەسۋا قىلىدۇ. الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: [ شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)] سۈرە ياسىن 64ـ ئايەت.
ھەممە ئەزايىڭنى، بولۇپمۇ يەتتە ئەزايىڭنى ياخشى ساقلىغىن. دەۋزەخنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ھەر ـ بىر ئەزا بىر ئىشككە مەنسۇپتۇر. اللەغا ئاسىي بولغانلار مۇشۇ دەرۋازىدىن كىرىدۇ. بۇ كۆز، قۇلاق، تىل، قورساق، جىنسىي ئەزا، قول ۋە پۇت قاتارلىقلار. كۆز قاراڭغۇدا يول تېپىش، ھاجەتلىرىنى ئىزدەش، ئاسمان ـ زېمىندىكى اللەنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىگە قاراش ۋە بۇنىڭدىكى مۆجىزىلەردىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. كۆزنى ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىغىن.
1ـ يات ئاياللارغا ۋە شەھۋانى سۈرەتلەرگە قاراشتىن ساقلىغىن.
2ـ مەسخىرە كۆزى بىلەن مۇسۇلمان كىشىگە قاراشتىن ساقلىغىن.

3- مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىگە كۆز يۇگۈرتۈشتىن ساقلانغىن.

قۇلاق اللھ نىڭ كالامى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە تۈرلۈك ئىلىم بىلەن پايدىلىنىش ئۈچۈن خەلق ئېتىلگەن. قۇلاقنى بىدئەت، غەيۋەت، ئەخلاقسىز سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن يىراق تۇتقىن. يامان، ناچار ئىشلارغا قۇلاق سالساڭ، پايداڭ زىيانغا، غەلىبەڭ مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىدۇ، بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق تراگېدىيە.

تىل اللە نى زىكىر قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، كىشىلەرنى ئىجابىي يولغا سەپەرۋەر قىلىش، قەلبتىكى دۇنيا ۋە دىن توغرىلىق قاراشلارنى بايان قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ غەيرىگە ئىشلەتسەڭ اللە نىڭ نىئمىتى ئىنكار قىلغان بولىسەن.

تىل ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئەزا بولۇپ، كۆپ كىشىلەر دەۋزەخكە مۇشۇ سەۋەبلىك كىرىپ كېتىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:« ئىنسان سۆزلىگەن بىر كەلىمىسى ئارقىلىق 70 يىللىق چوڭقۇرلۇقتا دەۋزەخكە لايىق بولۇپ بولۇپ قالىدۇ». جەڭ مەيدانىدا بىر كىشى شەھىد قىلىنغان بولۇپ، يەنە بىر كىشى بۇنىڭغا جەننەت مۇبارەك بولسۇن! دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« نېمە بىلىسەن؟ بەلكى پايدىسىز پاراڭدا بولغان ياكى تايىنى يوق نەرسىدە بېخىللىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن».

تىلىڭنى سەككىز تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىغىن:

1-مەيلى راست ياكى چاقچاق بولسۇن، يالغان سۆزلىمە.

كۆلكە بولسۇن ئۈچۈنمۇ يالغان سۆزلىمىگىن، بۇ ئەمەلىيەتتە يالغان سۆزلەشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

يالغانچىلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالساڭ كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن چۈشۈپ كېتىسەن. كۆپچىلىك ساڭا تۆۋەن كۆزى بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يالغانچىلىقنىڭ ناچار ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، باشقىلارنىڭ يالغان سۆزلىشىگە، ئۇنىڭدىن سېنىڭ نەپرەتلىنىشىڭگە ۋە ئۇنى كەمسىتىشىڭگە قارىغىن.

شۇنداقلا باشقا ئەيىبلىرىنىمۇ ئۆزگىدىن ھېس قىلالايسەن.

2ـ ۋەدىگە ۋاپادار بولۇشۇڭ كېرەك.

ھەقىقىي تەقۋادارلىق ئەمەلىيەتتە روياپقا چىقىشى لازىم. ۋەدە قىل، خىلاپلىق قىلما. بۇ نىفاقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، بىراق تۇسالغۇ بولۇپ خىلاپلىق قىلساڭ بۇ باشقا ئەھۋال.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەيلى ناماز ئوقۇسۇن، ياكى روزا تۇتسۇن. ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى قىلغان كىشى مۇناپىق. 1) سۆزلىسە يالغان ئېيتىدۇ، 2) ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، 3) ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىدۇ.

3ـ تىلىڭنى غەيۋەتتىن ساقلىغىن.

غەيۋەتنىڭ مەزمۇنى باشقىلار ئاڭلىسا ياقتۇرمايدىغان سۆزنى قىلىش. شۇ ئەيىب مەزكۇر شەخستە تېپىلسا، سەن زالىم ۋە غەيۋەتخورسەن. ئەقەللىيسى رىياكار قارىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ تاشلىما. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، قىلغان ئىشى يامان بولدى، الله ھىدايەت قىلسۇن دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ قىلما. بۇ سۆز ئىككى خىل خۇسۇسىيەتنى ئوز ئىچىگە ئالغان. 1) ئارقا كۆرۈنىشى غەيۋەتنى مەقسەت قىلغان. 2) ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ياخشى ھېسابلىغان. «الله ھىدايەت قىلسۇن» دېگەن سۆزۈڭدىن دۇئا مەقسەت قىلغان بولساڭ، مەخپىي دۇئا قىلىپ قويغىن، ئۇنىڭ قىلمىشىدىن غەم-ئەندىشە قىلغان بولساڭ، ئەيىبىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ غەم قىلغىنىڭ ئەيىبنى ئاشكارىلىغىنىڭدۇر. ساڭا تۆۋەندىكى غەيۋەت توغرىلىق نازىل قىلىنغان ئايەت كۇپايە. «بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى (غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل) ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر». الله نىڭ غەيۋەتخورنى ئۆلۈك يىگۈچىگە ئوخشاتقىنى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر نەسىھەت. يەنە بىر ئىشنى ئويلىغىنىڭدا، غەيۋەت قىلماسلىقىڭ مۇمكىن. ئەيىبىڭ زاھىرمۇ ياكى

باتىنمۇ؟ گۇناھنى ئاشكارا قىلامسەن، يوشۇرۇنمۇ؟ مۇشۇنى ھېس قىلغىنىڭدا، باشقىلارنىڭمۇ ۋە ئۆزۈڭنىڭمۇ ئاجىزلىقنى تونۇپ يېتىسەن. باشقىلارمۇ ساڭا ئوخشاش ئۆز ئەيىبىنىڭ ئاشكارلىنىشىنى ياقتۇرمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرساڭ، الله سېنىڭمۇ ئەيىبىڭنى ياپىدۇ. رەسۋا قىلساڭ، الله سېنىمۇ رەسۋا قىلىدۇ. ئىچى-تېشىڭغا قاراپ ھەر جەھەتتىن ئەيىب ھېس قىلمىساڭ، بۇ بەكمۇ ئېغىر ھاماقەتلىك. الله ئىنسانغا ياخشىلىق ئىرادە قىلسا ئۆزىگە ئەيىبىنى تونۇتىدۇ. ئۆزۈڭدىن خۇرسەن بولغىنىڭ بەكمۇ دۆتلۈك. گۇمانىڭ توغرا بولسىمۇ كىشلەرنىڭ يۈز-ئابرويىغا تەگمە.

**4- مۇنازىرە قىلىشتىن ساقلانغىن.**

بۇ باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلىتىدۇ. ئەزىيەت يەتكەن كىشى ھاياتتا تەشۋىش بىلەن ياشايدۇ. بىلمىسىز بىلەن مۇنازىرىلەشسەڭ ساڭا ھەسەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۆزىنىڭ قارشى (تەرىپى) ناھەق تۇرۇقلۇق مۇنازىرە قىلىشنى تەرك قىلغان كىشىگە الله جەننەتتە بىر ساراي تەييارلايدۇ، قارشى ھەق بولسىمۇ مۇنازىرە قىلمىغان كىشىگە جەننەتنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر ساراي تەييارلايدۇ». شەيتاننىڭ «ھەقنى ئېيتقىن، قاراپ تۇرامسەن» دېگەن ئالداشلىرىغا ئالدانما. شەيتان دائىم ئەخمەقلەرگە چىرايلىق كۆرستىپ تۇرۇپ يامانلىققا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتاننى خۇرسەن قىلما. باشقىلارنىڭ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش ئېھتىماللىقى كۆرۈلسە ھەقنى ئىزھار قىلغىنىڭ تۈزۈك. بىراق نەسىھەت (نېمە؟) ئارقىلىق بولىدۇ. نەسىھەتنىڭمۇ شەكلى بولۇپ، مۇلايىملىق تەلەپ قىلىدۇ. نەسىھەت يۇمشاق، مۇلايىم بولمىغىنىدا، كىشلەرنىڭ كۆزىگە يېقىمسىز كۆرۈنىدۇ. ماختانچاقلىق ۋە مۇنازىرىگە ئۈندەيدىغان ھېسسىياتتىن خۇددى شىردىن ھۈرككەندەك يىراق تۇرغىن. بۇ الله ۋە كىشلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدۇ.

**5-ئۆزىنى ماختاشتىن ئىبارەت بۇ رەزىل قىلمىشتىن يىراق بول.**

الله مۇنداق دەيدۇ:« ئۆزۈڭلارنى ماختىماڭلار، الله كىمنىڭ

تەقۋالىقنى بىلگۈچىدۇر». دانىشمەنلەردىن قەيەر راستچىللىق قايسى؟ دەپ سورالغاندا، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ماختىشىدۇر دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ قىلىق بىلەن ئادەتلىنىپ قالمىغىن. بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمىتىڭنى تۆۋەنلىتىپ، اللەنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ. دىققەت بىلەن تەكتۈشلىرىڭ ۋە دوستلىرىڭنىڭ ھەر-خىل قىلمىشلىرى بىلەن ماختىنىشلىرىغا قاراپ، قەلبىڭنىڭ قانچىلىك يىرگىنىش ھېس قىلىدىغىنىنى، سورۇن تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلارنى قانداق ئەيىبلەيدىغانلىقىڭنى كۆزىتىپ باققىن. سەنمۇ ئۇلارغا ماختانغىنىڭدا، شۇنداق ئەيىبلەيدۇ ۋە ياقتۇرمايدۇ.

6- نەپرەتلىنىشتىن ساقلانغىن.

مەيلى ھايۋان، يېمەك-ئىچمەك، مۇئەييەن ئىنسان بولسۇن، لەنەت ياغدۇرما، ياكى بىرەر كىشىنى مۇشرىك، كاپىر، مۇناپىق دەپ مۇناسىۋەتنى ئۈزمە. سىر-ئەسرارلىرىنى پەقەتلا الله بىلىدۇ، الله بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالما. قىيامەت كۈنى نېمە ئۈچۈن پالانىغا لەنەت قىلمىدىڭ، نېمشقا قاراپ تۇردۇڭ دېيىلمەيدۇ، بىر ئۆمۈر شەيتان مەلئۇننى ئەيىبلىمسەڭ، نىمە ئۈچۈن ئەيىبلىمىدىڭ؟ دەپ سورالمايسەن. بىرەر كىشىنى ئەيىبلىگىنىڭدە، جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن. الله نىڭ مەخلۇقاتىدىن ھېچقانداق شەيئىنى ئەيىبلىمە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ناچار تاماقنىمۇ ئەيىبلىمەيتتى، ئىشتىھا قىلسا يەيتتى، بولمىسا يىمەيتتى.

7- باشقىلارغا دۇئايىبەت قىلمىغىن.

باشقىلار ساڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى اللەغا قويۇپ قوي. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:« مەزلۇم زالىم ئۈستىدىن دۇئايىبەت قىلسا ئىجابەت قىلىنىدۇ. لېكىن زالىم قىيامەت كۈنى ئەجرىگە ئېرىشىدۇ». بەزى كىشىلەر ھەججاجغا (ئۇمەۋىييە دەۋرىدە ئۆتكەن زالىم قوماندان) تىل تەككۈزدى. تىل تەككۈزگەن كىشىدىنمۇ ھەججاج ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىنىدۇ.

8-چاخچاق، مەسخىرە قىلىشتىن يىراق تۇرغىن .

چۈنكى بۇ ھەيۋەتنى يوقىتىپ، يۈزنى سۆرۈن قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، ياتسىراش كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەسەت ۋە تېرىكىشنىڭ مەنبىيدۇر. باشقىلار چاقچاق قىلغان تەقدىردىمۇ جاۋاب قايتۇرمىغىن، بۇلار باشقا سۆز قىلغانغا قەدەر گېپىگە ئارىلاشمىغىن. ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن «ئويۇن چاقچاق لەغۋىدىن ئۆتسە ،چىرايلىقچە ئۆتۈپ كېتىدۇ»دېگەن كىشلەر جۈملىسىدىن بولغىن.

مانا بۇ يۇقىرىقى سەككىز تۈرلۈك ئىشلار تىلنىڭ ئاساسلىق ئاپېتى مەركەزلەشكەن نۇقتا بولۇپ، بۇنىڭدىن جىمغۇرلۇق ۋە غېرىبلىق بىلەنلا ساقلىنالايسەن. زۆرۈر پەيتلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەبۇ بەكرى سىددىق (الله بۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) گەپ قىلماسلىقنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ ئېغىزىغا تاش سىلىۋالاتتى، ھەمدە «مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان ماۋۇ» دەپ تىلىنى كۆرستەتتى. ئىمكان قەدەر بۇنىڭدىن يىراق تۇرغىن، بۇ دۇنيا-ئاخىرەت ھالاكەتكە دۇچار بولۇشنىڭ ئاساسى.

قورساقتا كەلسەك، بۇنى ھارام، شۈبھى نەرسلەرنى يېيىشتىن ساقلىغىن، ھالال رىزىقتا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشقىن. بەكمۇ تويغۇزىۋەتمە، بۇ ئادەمنىڭ زېھنىنى بۇزۇپ قەلبىنى گۇمراھلاشتۇرىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، تەننى ئىلىم ۋە ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، شەھۋەتنى كۈچەيتىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىنى ئاشۇرىدۇ. ھالال يېمەكلىك يەپ ئەھۋال بۇ تۇرسا، ھارام يېمەكلىك يەپ نېمە ئىش يۈز بەرسۇن؟!

ھالال كەسىپ ئىزدەش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى باش تارتقىلى بولمايدىغان پەرز. ھارامنى يەپ تۇرۇپ ئىبادەت ۋە ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇش نىجاسەت ۋە ئەخلەت ئۈستىگە بىنا قوپۇرغانغا ئوخشاشتۇر.

ھالال يېمەكلىك ناھايىتىمۇ كۆپ. بىر يىلدا قوپال بىر قۇر كىيىم كېيىپ، بىر كۈندە ئىككى چال نان يېسەڭمۇ، ئېسىل لەززەتلىك تاماقنى تاشلىغىنىڭكى، ھەرگىز ھارامغا يېقىن كەلمە. ھارام دەپ قارىغان ياكى شۈبھىلەنگەن نەرسىدىن ئۆزۈڭنى تارتقىن. سىرتقى كۆرۈنۈشگە قاراپ

هۆكۈم چىقارغىنكى، ئىچ-ئىچىنى ئىنقىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ھارام بەئەينى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، شۈبھىلىك دەپ قارالغىنى سۇلتان، ھاراق سودىگىرى، جازانىخور ۋە مۇئامىلە قىلغۇچى، سازەندە ئارتىسلارنىڭ مىلى بولۇپ، بۇلارنىڭ مال-دۇنياسى كۆپىنچە ھالدا ھارامدۇر، بۇنى ئالمىغىن. ھالاللىق بۇلاردا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. ھارام ماللارمۇ كۆپ بولۇپ، ۋەقپىگەرنىڭ شەرتىگە خىلاپ ھالدا ۋەقپە ماللاردىن ئىشلىتىش، سوپى، ئوقۇغۇچى، ئالىم نامى بىلەن ئالغان ماللارمۇ ھارام. ئىلىمنى ئۆگىنىشمۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئىزدىنىش زۆرۈر. يېگانە ئەسەر«دىنى ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى» نامىلىق ئەسەرگە قاراشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

جىنسى ئەزانى ئىلىپ ئىپىتساق، الله چەكلىگەن ھارام ئىشلاردىن ساقلىغىن. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« جىنسى ئەزالىرىنى ئاياللىرى ۋە دىدەكلەردىن باشقا كىشىلەردىن ساقلىغۇچىلار مالامەتكە ئۇچرىمايدۇ». كۆزىدە قاراش، قەلبىدە ئويلاش، قورساقنى شۈبھى بىلەن بەك زىيادە تويغۇزىۋېتىشتىن ساقلىغاندىلا جىنسى ئەزايىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئامىللار بۇ رەھىمسىز جىنايەتكە پېتىپ قىلىشنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر.

ئىككى قولۇڭنى بىرەر مۇسۇلماننى ئۇرۇشتىن، ھارام مال تېپىشتىن، ياكى ئىنسان جىنسىغا ئازار بېرىشتىن، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتىن، سۆزلەشكە ئۇيۇلدىغان جۈملىلەرنى يېزىشتىن ساقلىغىن. قەلەممۇ بىر خىل ئىپادىلەش قورالى بولۇپ، تىلنى ساقلىغاندەك ساقلاش لازىم.

ئىككى پۇتۇڭنى ھارامنى كۆزلەپ مېڭىشتىن، زالىم سۇلتاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىشتىن يىراق تۇتقىن. زالىم سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئوشۇقچە قاتناش جىنايەت، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خوشامەت ۋە ئۆزىنى پەس تۇتقانلىق بولۇپ، الله بۇ قىلمىشنى چەكلىگەن. بۇ قىلمىشلىڭ ئۇنىڭ زۇلۇمىغا ياردەم بەرگەنلىكتۇر، ناۋادا پۇل-مال كۆزلەپ بارغان بولساڭ،

بۇ ھارامنى مەقسەت قىلغىنىڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سالىھ باينىڭ بايلىقىغا قاراپ، كەمتەرلىك قىلغان كىشىنىڭ دىنىنىڭ ئۈچتىن بىرقىسمى يوق». بۇ ياخشى بايغا قىلىنغان كەمتەرلىك شەپقىتىدۇر، زالىم بايغا قىلىنغان كەمتەرلىكنىڭ شەپقىتى نېمە بولۇپ كېتەر؟

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سېنىڭ ھەرىكەت ۋە تىنىقىڭ اللە نىڭ نىئمىتىدۇر، بۇنى جىنايەت ئۈچۈن سەرپ قىلماي، تائەت-ئىبادەت يولىدا سەرپ قىلغىن. سەل قارىساڭ ۋابالى قايتىدۇ، تىرىشساڭ مېۋىسىنى ئۆزۈڭ كۆرىسەن.

اللە ساڭا ۋە ئەملىگگە ھەرگىزمۇ موھتاج ئەمەس، سەن ۋە ھەر قانداق كىشى قىلغان ئەملىگە باغلىق. سەن «اللە بەكمۇ مېھرىبان، سېخىي، گۇناھكارلارنى ئەپۇ قىلىدۇ» دەپ ئويلىما. بۇ ھەق سۆز بولسىمۇ، ھەقىقەت مەقسەت قىلىنمىغان. بۇسۆزنى قىلغۇچىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ھاماقەت كىشىلەردۇر. «دانا كىم؟ دانا ئۆزىنى خار قىلغان، ئاخىرەت كۈنىگە تەييارلىق قىلغان كىشىدۇر. ھاماقەت كىم؟ ھاماقەت ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشكەن، ئورۇنسىز ئارزۇ-ئارمانلارنى كۆپ قىلغانلاردۇر». بۇ سۆز خۇددى ھورۇن، بىكار تەلەت يۈرۈپ، « اللە سېخىيدۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلبىگە ئىلىم-ئىرپان بىلەن ئىلھام سالغان زات، مېنىڭ قەلبىمگىمۇ شۇنداق قىلىدۇ»دەپ خام-خىيال قىلغان كىشىنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ. شۇنداقلا تىجارەت، دېھقانچىلىق، تۈرلۈك كەسپلەرنى قىلماي تۇرۇپ، «اللە ئاسمان-زېمىنىنىڭ ئىگىسى، بەزى بەندىلىرىگە ئاتا قىلغاندەك، ماڭىمۇ ئۇشتۇمتۇت مال-دۇنيا ئاتا قىلىدۇ» دەپ ئويلايدىغان خىيالپەرەسلەرنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىساڭ مەسخىرە قىلىشىڭ تۇرغانلا گەپ، سەنمۇ سەئيي قىلماي تۇرۇپ خۇدانىڭ ئەپۇسنى تىلىسەڭ، ئاقىللار قىلمىشىڭغا قاراپ كۈلىدۇ.

الله ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىنىڭ سەئىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى پايدا بەرمەيدۇ» «سىلەر قىلغان قىلمىشىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلىنىسىلەر» «ھەقىقەتەن ياخشىلار كاتتا نېئمەت ئىچىدە بولىدۇ.»

ئىلىم-ئىرپان، مال-دۇنيا تەلەپ قىلغان كىشى، الله نىڭ سېخىيلىقىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ھەرىكىتىنى داۋاملىق ئىزچىل تۇردە ئالغا باستۇرىدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاخىرەت كۈنىگىمۇ مەبلەغ توپلىغىن.

«دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ پەرۋەردىگارى بىر، رەھمەت ۋە شەپقىتىمۇ ئوخشاشتۇ» دەپ ئالدانمىغىن. الله نىڭ رەھمىتى پەقەتلا سېنىڭ بىر نەچچە زامان تىرىشقان سەۋرىڭ ئارقىلىق مەڭگۈ يوقالماس جەننەتكە ئېرىشىش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشتۇر. مانا بۇ الله نىڭ رەھمەت ۋە شەپقەت ئىپادىسىدۇر، ھۇرۇنلارنىڭ خىيالىنى قىلمىغىن.

ئىرادىلىك، دانىشمەن، سالىھلار، سىددىقلار ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۆزۈڭگە ئۈلگە قىلغىن. تېرىمىغان زىرائەتنى يىغىمەن دەپ تاما قىلمىغىن. «ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان، جىھاد قىلغان، تەقۋادار بولغان بولسام گۇناھىم مەغپىرەت قىلىنىدىكەن» دەپ ھەسرەت چەكمىگىن.

يۇقارقى بۇ قىلمىشلاردىن تاشقى ئەزالىرىڭنى يىراق تۇتقىن، تاشقى ئەزانىڭ قىلمىشلىرىغا يۈرەكنىڭ ئوبرازلىرى تەسۋىرلەنگەن. تاشقى ئەزالىرىڭنى گۇمراھلىقتىن ساقلىماقچى بولساڭ، يۈرىكىڭنى پاك تۇتقىن، بۇ باتىنى تەقۋالىقتۇر. يۈرەك بىر پارچە گۆش، بۇ گۆش ياخشى بولسا، پۈتكۈل ئەزا ياخشى بولىدۇ، يۈرەك بۇزۇلسا پۈتكۈل ئەزا بۇزۇلىدۇ. ئەزالىرىڭنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال يۈرەكنى ئىسلاھ قىلغىن.

## قەلبنىڭ جىنايەتلىرى توغرىسىدا

قەلبتىكى ناچار سۈپەتلەر ناھايىتىمۇ كۆپ. قەلبنى بۇ رەزىللىكتىن تازىلاش ئۈچۈن بەكمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، لېكىن بۇنى ساقايتىش ئۇسۇلىمۇ مەۋجۇد.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ قالايمىقان دۇنيا قىزغىنلىقى ئەۋجىگە چىققانلىقى ئۈچۈن يۈرەكنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش قىيىنغا توختاۋاتىدۇ.

بۇ توغرىلىق «دىنى ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى» ناملىق كىتابىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئەمدى بۇ يەردە رەزىللىكىدىن يىراق تۇرۇشنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز. باشقا رەزىل سۈپەتلەرگە مەنبە بولىدىغان تراگېدىيەلىك رەزىللىكلەر ھەسەت، رىياكارلىق، ئەجەبلىنىش ۋە ئۆزىدىن خۇرسەن بولۇش بولۇپ، ئىمكان قەدەر بۇ رەزىللىكتىن قەلبىڭنى تازلىيالىساڭ، قالغان ناچار سۈپەتلەردىن ساقلىنالايسەن. بۇنى روياپقا چىقىرالمىساڭ ،باشقىسىدىن ئەلۋەتتە ئاجىز كېلىسەن.

شۇنى ئۇنۇتما، قەلبىڭدە ھەسەت، رىيا، ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى بولىدىكەن، ئىلىم ئىگەللەشتىكى ياخشى نىيىتىڭ دەرھەقىقەت ئەمەلىيلەشمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئىش ئىنساننى ھالاك قىلىدۇ،1-ئاچ كۆزلۈك، 2-كۆڭۈلنىڭ مەيلىگە ئەگىشىش، 3-ئىنساننىڭ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشى.»

ھەسەتكە كەلسەك، بۇ ئاچكۆزلۈكنىڭ بىر قىسمى. بېخىل كىشى قولىدىكى نەرسىگە چىڭلىق قىلىدۇ، اللەنىڭ خەزىنىسىدىكى پەزىلگە كۆزى قىيمىغان ئادەم نېمە دېگەن قەبىھ ، ئاچكۆز ھە! ھەسەتخور كىشى اللە ئۆز خەزىنىسىدىكى مال-دۇنيا، ئىلىم-مەرىپەتنى باشقىلارغا ئىنئام قىلسا ياكى بىرەر كىشنى باشقىلارنىڭ قەلبىگە ئېرىشتۈرسە، ئىشقىلىپ اللە بەندىلىرىنى قايسى بىر پەزلى بىلەن بەخش ئەتسە، ئۆزى ئېرىشەلمىسىمۇ مەيلىكى شۇ ئىنئامنىڭ يوقىلىشىنى ئويلايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پەسەندىلىك بولامدۇ!

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەسەت ياخشىلىقنى گويا ئوت ئوتۇن يىگەندەك يەپ كېتىدۇ». ھەسەتخور

داۋاملىق رەھىمسىز ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى اللە ئۇ كىشىنىڭ تونۇشلىرى ۋە تەكتۈشلىرىغا ئىنئام قىلغان ئىلىم-ئىرپان، مال-دۇنيا، مەنسەپلەر داۋاملىق ئۇنىڭ كۆزىگە چىلىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ داۋاملىق ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ. لېكىن ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ بەك ئېچىنىشلىقتۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دوستىغا، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا ياخشى كۆرمىگىچىلىك ئىمانىنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىز كۈنلىرىدە ھەمنەپەس بولىشى لازىم. مۇسۇلمانلار بىر-بىرىنى چىڭتىپ تۇرىدىغان كېسەككە، شۇنداقلا بىرتەنگە ئوخشايدۇ. قايسى بىر ئەزا ئاغرىسا پۈتۈن جىسمدا رېئاكسىيە قوزغايدۇ. قەلبىڭدە بۇنداق ئامىللار مەۋجۇت بولسا ، پايدىسىز ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولماي بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلغىن.

رىياكارلىققا كەلسەك، بۇ يوشۇرۇن شېرىك بولۇپ، ئىككى شېرىكنىڭ بىرسىدۇر. (چوڭ شېرىك، كىچىك شېرىك دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ) بۇ ئالىي مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىمتىياز تىكلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ، مەنسەپنى ياخشى كۆرۈش تراگېدىيىلىك ھالدا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەنلىكتۇر. كۆپىنچە كىشىلەر نوپۇز تاماسىدا ۋەيران بولغان. بەندىنى يەنىلا بەندە ھالاك قىلىدۇ. كىشىلەر ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىلسا بولاتتى. ئۇلار قىلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەتتىن باشقا نۇرغۇن ئىلىم، ئىبادەت ئىشلىرىنىمۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇمۇ ئىنساننىڭ ئەملىنى ھالاك قىلغۇچى تۈيغۇلارنىڭ بىرىدۇر.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:« قىيامەت كۈنى شەھىد بولغان كىشى دەۋزەخكە ھەيدىلىدۇ. شەھىد: ئى پەرۋەردىگار! مەن شەھىد تۇرۇپ بۇ نېمە ئىش؟ دەيدۇ. اللە: سەن باشقىلار ئەجەب باتۇر ئىكەن دېسۇن دەپ جىھاد قىلدىڭ، ئاشۇ سېنىڭ مۇكاپاتىڭدۇر». ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالىم، ھاجى، غازى، قارىلارغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

كىبىر، مەغرۇرلىنىش، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا كەلسەك، بۇمۇ بىر خىل ئېغىر كېسەل. بۇ خىل كىشى ئۆزىگە چوڭ، مەغرۇر كۆزى بىلەن، باشقىلارغا تۆۋەن، مەسخىرە كۆزى بىلەن قارايدۇ. بۇنىڭ تىلدىكى نەتىجىسى«مەن، مەن»دىن ئىبارەتتۇر. خۇددى اللە ئىبلىس لەنىتى توغرىسىدا قۇرئاندا زىكىر قىلىپ ئۆتكەندەك، [مەن ئۇنىڭدىن (ئىنساندىن)ياخشى، [مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ ئەمەسمۇ؟

ئەنجۇمەن ،سورۇندىكى ئىپادىسى بولسا تۆر تالىشىش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر. سۆھبەت، گەپ-سۆزدە بولسا، سۆزۈم رەت قىلىنىپ كېتەمىكى دەپ ئويلاپ چوڭچىلىق قىلىشتۇر. مۇتەكەببىر كىشى ئۆزىگە نەسىھەت قىلىنسا يىرگىنىدۇ؛ ئۆزى باشقىلارغا نەسىھەت قىلسا قوپال تېگىدۇ. كىمكى ئۆزىنى باشقىلاردىن ياخشى ھېسابلايدىكەن، بۇ مۇتەكەببىردۇر. ئېسىل كىشى اللەنىڭ ھۇزۇرىدا ئېسىل بولغانلاردۇر، بۇ غەيب ئەھۋال، شۇنداقلا بۇ ئىنساننىڭ ئاخىرقى ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك. سېنىڭ ئۆزۈڭنى باشقىلاردىن ياخشى دەپ قارىشىڭ بەكمۇ نادانلىقتۇر. باشقىلارغا دىققەت قىلغاندا ئۆزۈڭنى شۇ كىشىدىن تۆۋەن دەپ ئويلىغىن، شۇ ئەھۋالدا ھۆرمەتكە ئېرىشىسەن.

كىچىك بالىنى كۆرگىنىڭدە، بۇ تېخىچە گۇناھ قىلىپ باقمىدى، شەكسىز مەندىن ياخشى، چۈنكى مەن نۇرغۇن گۇناھلارنى قىلدىم دېگەن ئىدىيەدە بولغىن.

چوڭلارنى كۆرگەندە، بۇ كىشى مەندىن ياخشى، چۈنكى مەندىن خىللا بۇرۇن اللەغا قۇلچىلىق قىلىۋاتىدۇ دېگەن قاراشتا بولغىن.

ئالىمنى كۆرگەندە، بۇ كىشى مەن ئېرىشەلمىگەن بىلىمگە ئېرىشتى، مەن كۆزلەپ يېتەلمىگەن نىشانغا يەتتى، قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولاي دېگەننى ئېسىڭدىن چىقارمىغىن.

بىلىمسىزنى كۆرگەندە، بۇ اللەغا بىلمىگەن ھالدا ئاسىي بولدى، مەن بىلىپ تۇرۇپ جىنايەت ئۆتكۈزدۈم، اللە مېنىڭ زىيىنىمغا ئېنىق دەلىل

تۇرغۇزدى. ئاخىرقى ھاياتىم نېمە بىلەن ئاياغلىشىدۇ، بۇنىڭچۇ؟ دېگەن قاراشتا يۈرگىن.

كاپىرنى كۆرگىنىڭدە، بەلكى بۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاخىرى ياخشى بولۇشى مۇمكىن، ئىلگىرىكى گۇناھى خۇددى خېمىردىن قىل سۇغۇرۇلغاندەك يوقۇلىشى ئېھتىمال. مېنى الله ئازدۇرۇپ كاپىر قىلىشۇتەمدۇ، ئاخىرقى باسقۇچۇم خەتەرلىك بولامدۇ، ئۇ ياخشى كىشلەردىن بولۇپ، مەن شەقى كىشلەردىن بولامدىم، الله بىلىدۇ دېگەن خىيالنى كەلتۈرگىن. قەلبىڭدىن كىبىر قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ھۇزۇرىدا كىمنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى ھەقىقي رەۋىشتە بىلگىنىڭدە چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئىنسانىنىڭ ئاخىرقى ھاياتىغا باغلىق. اللەنىڭ بەندىلىرىگە چوڭچىلىق قىلماي، ئاخىرقى ھالىتىم قانداق بولاركىن دېگەن ئەندىشىدە بولغىنىڭ ياخشى. ھازىرقى ئىمانىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. الله قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر، خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. ھەسەت، رىياكارلىق، كىبىرلىك ھەققىدىكى ھەدىسلەر ناھايىتمۇ كۆپ. بۇ توغرىسىدا بىر ھەدىس كۈپايە.

ئىبنى مۇبارەك بىر كىشىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ كىشى مۇئاز ئىبنى جەبەلگە مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن. ئۇ كىشى دېدىكى، مۇئاز سۆزۈمنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. توختىماسمىكىن دېسەم يەنە توختاپ مۇنداق دېدى:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئى مۇئاز، ساڭا بىر گەپ قىلىمەن. ئېسىڭدە چىڭ ساقلىساڭ، ساڭا قىيامەت كۈنى مەنپەئەت قىلىدۇ، ناۋادا ئېسىڭدە ساقلىيالمىساڭ، قىيامەت كۈنى دەلىل- ئىسپاتىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئى مۇئاز، الله ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى، يەتتە پەرىشتىنى ياراتقان، ئاندىن ئاسمان-زېمىننى ياراتقان، ھەربىر ئاسمانغا بىردىن پەرىشتىنى ئىشىك باققۇچى قىلىپ تەيىنلىگەن. زېمىندىكى بەندىلەرنىڭ ئەمىلىنى خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر

كەچتە بەندىنىڭ ئەملىنى خاتىرىلەپ، بۇ بەندە  ھەقىقەتەن كۆپ ياخشى ئەمەل قىلدى دەپ ئويلاپ، بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەمەلنىڭ خۇددى قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئىشىك باققۇچى پەرىشتە: بۇ ئەمەلنى ئىگىسىنىڭ يۈزىگە ئېتىڭلار. مەن غەيۋەتكە ئىگە پەرىشتە. پەرۋەردىگارىم كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان كىشىنىڭ ئەملىنى ئۆتكۈزمەسلىكمنى بۇيرۇغان، دەيدۇ. خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بۇ كىشىنىڭ ئەملىنى كۆرستىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭ ياخشى ھەم كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

ئىككىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، ئىشىك باققۇچى پەرىشتە: بۇ ئەمەلنى ئىگىسىنىڭ يۈزىگە ئېتىڭلار. مەن مەغرۇر ئىشلارغا ئىگە پەرىشتە. بۇ كىشى يۈز-ئابروي مەقسەت قىلىپ ئەمەل قىلغان، پەرۋەردىگارىم سورۇنلاردا كىشىلەرگە پەخىرلەنگەن كىشىنىڭ ئەملىنى ئۆتكۈزمەسلىكمنى بۇيرۇغان، دەيدۇ. خاتىرىلىگۈچى پەرىشتە ئۇ كىشىنىڭ ناماز، سەدىقە، روزا قاتارلىق ئەمەللىرىنىڭ چاقناپ تۇرغان نۇر ھالىتىنى كۆرستىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. ئۈچىنجى ئاسمانغا كەلگەندە، مۇئەككەل پەرىشتە: توختاڭلار، بۇ ئەمەلنى ئىگىسىنىڭ يۈزىگە ئېتىڭلار. مەن كىبىر ئىشلىرىغا ئىگە پەرىشتە. پەرۋەردىگارىم تۈرلۈك ئولتۇرۇشلاردا كىشىلەرگە كىبىرلىك قىلغان كىشىنىڭ ئەملىنى ئۆتكۈزمەسلىكمنى بۇيرۇغان، دەيدۇ. خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر زىكىر-تەسبىھ، ناماز ، روزا، ھەج، ئۆمرە قاتارلىق ئەمەللىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئەكس-سادا ياڭراپ تۇرغان ھالدا، پارلاق يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ، يەنە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. تۆتىنجى ئاسمانغا كەلگەندە مۇئەككەل پەرىشتە: توختاڭلار، بۇئەمەلنى ئىگىسىنىڭ يۈزىگە، قورساق، بەللىرىگە ئېتىڭلار. مەن ئەجەبلىنىشكە ئىگە پەرىشتە. بۇ بىر ئىش قىلسا بۇنىڭدىن ئەجەبلىنەتتى. پەرۋەردىگارىم بۇنىڭ ئەملىنى ئۆتكۈزمەسلىكنى بۇيرۇغان، دەيدۇ. ئۆتكۈزىۋېتىدۇ.

رەسۇلۇل الله ئېيتتى: خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بەندىنىڭ ئەملىنى

خۇددى ئائىلىسىگە يۆتكەپ مېڭىلغان قىزدەك بەشىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ. مۇئەككەل پەرىشتە: توختاڭلار، بۇئەمەلنى بەندىنىڭ يۈزىگە ئېتىپ، بوينىغا يۆكلەپ قويۇڭلار. مەن ھەسەتكە ئىگە قىلنىغان پەرىشتە. بۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەمەل قىلغان، ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئىبادەتتىن پەزىلگە ئېرىشكەن كىشىلەرگە ھەسەت قىلاتتى، ئارقىسىدىن سۆز- چۆچەك قىلاتتى. پەرۋەردىگارىم بۇنىڭ ئەمىلىنى ئۆتكۈزمەسلىكىمنى بۇيرۇغان، دەيدۇ، ئۆتكۈزىۋېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بەندىنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ئۆمرە قاتارلىق ئەمەللىرىنى ئالتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ. مۇئەككەل پەرىشتە: توختاڭلار، بۇ ئەمەلنى ئىگىسىنىڭ يۈزىگە ئېتىڭلار. بۇ كىشى الله نىڭ زىيانغا ئۇچرىغان بەندىلىرىگە ئىچ ئاغرىتمايتتى، بەلكى تىللايتتى. مەن رەھىم -شەپقەتكە ئىگە پەرىشتە، پەرۋەردىگارىم بۇنىڭ ئەمىلىنى ئۆتكۈزمەسلىكى بۇيرۇغان، دەيدۇ. ئۆتكۈزىۋېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بۇ بەندىنىڭ ناماز، روزا، ھەرخىل سەدىقە، جىھاد، تەقۋالىق قاتارلىق ئەمەللىرىنى قۇياشتەك چاقنىغان، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاۋازىدەك بىرخىل ئەكس سادا ياڭرىغان ھالدا ئۈچ مىڭ پەرىشتىنى ھەمراھ قىلىپ، يەتتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىدۇ. مۇئەككەل پەرىشتە: توختاڭلار، بۇ ئەمەلنى ئىگىسىنىڭ يۈزىگە ۋە تېنىگە ئېتىڭلار ، قەلبىنى پېچەتلىۋېتىڭلار. مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ رىزالىقىنى كۆزلىمىگەن ھەرقانداق ئەمەلنى ئۆتكۈزمەيمەن. ئۇ بۇ ئەمىلى بىلەن اللەنى كۆزلىمىگەن، دەرھەقىقەت ئۆلىمالار ۋە پەقىھلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشنى، يۇرتىدا نام ئېلىشنى كۆزلىگەن. پەرۋەردىگارىم بۇنىڭ ئەمەلنى ئۆتكۈزمەسلىكىمنى بۇيرۇغان. الله رىزالىقىنى ئارزۇ قىلىپ، سەممىي رەۋىشتە قىلىنمىغان ئەمەل رىيادۇر، الله رىياخورلارنىڭ ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى:

خاترىلىگۈچى پەرىشتىلەر بەندىنىڭ ناماز، زاكات، روزا، ھەج، ئۆمرە، گۈزەل ئەخلاق، جىمغورلۇق، زىكىر-تەسبىھ قاتارلىق ئىبادەتلىرىنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر اللە نىڭ ھۇزۇرىغىچىلىك تۇتاشقان توسمىنىڭ ئىچىلىشى ئۈچۈن پۈتكۈل پەرىشتىلەرگە ئېلان قىلىدۇ. ئەمدى پەرىشتىلەر اللە نىڭ مۇبارەك ھۇزۇرىدا تۇرۇپ بەندىنىڭ ئىخلاس بىلەن ياخشى ئەمەل قىلغانلىقىنى تەرىپلەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. اللە ئېيتىدۇكى: سىلەر بەندەمنىڭ ئەمەللىرىنى خاترىلىگۈچى پەرىشتىللىرىم، مەن بەندەمنىڭ قەلبىنى ھەرۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىمەن. ئۇ بۇ ئەمەلى بىلەن مىنىڭ رىزالىقىمنى كۆزلىمىگەن، باشقا مەقسەت ئىزدىگەن، بۇنىڭغا لەنەت، دەيدۇ. پۈتكۈل پەرىشتىلەر: ئۇنىڭغا سىنىڭ ۋە بىزنىڭ لەنىتىمىز بولسۇن، دىيىشىدۇ، بۇ كىشىگە يەتتە ئاسماندىكى زاتلار لەنەت ئوقىشىدۇ.

مۇئاز ئېيتتى: ئى رەسۇلۇللاھ! سەنغۇ اللە نىڭ ئەلچىسى، مەن مۇئاز قانداق قۇتۇلىمەن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: ئى مۇئاز! ناۋادا ئەمەلىڭدە نۇقسانلىق مەۋجۇت بولسا ماڭا ئەگەشكىن. تىلىڭنى قارى قېرىنداشلىرىڭدىن ساقلىغىن. گۇناھىڭنى ئۆزۈڭگە يۈكلىگىن، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا يۈكلىمىگىن. باشقىلارنى ئەيىبلەش بىلەن ئۆزۈڭنى پاك ھېس قىلمىغىن. ئۆزۈڭنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتمىغىن، دۇنيا ئىشلىرىنى ئاخىرەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمىغىن. ئولتۇرىشىڭدا مۇتەكەببىرلىك قىلمىغىن، باشقىلار بۇ ناچار ئەخلاقىڭدىن يىرگىنىدۇ. يېنىڭدا بىر كىشى تۇرسا يەنە بىر شەخسكە پىچىرلىمىغىن. كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلمىغىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نەرسىلىرى سەندىن توزۇپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ چاۋىسىنى يايمىغىن، قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئىلغىلىرى سېنى تىلىپ پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ.

اللە مۇنداق دەيدۇ: «كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى» قاتتىق تارتىپ

ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، ‹مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى› سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى. [سۈرە نازىئات 1-2- ئايەت]

ئى مۇئاز بۇلار نېمە، بىلەمسەن؟

دېدىمكى: ئاتا-ئانام پىدا بولسۇن، ئى رەسۇلۇللاھ، بۇلار نېمە ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى: بۇ دوۋزەختە گۆشنى سۆڭەكتىن ئايرىيدىغان ئىلغۇلار.

دېدىمكى: ئى رەسۇلۇللاھ، ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، بۇنىڭغا كىم تاقەت قىلالىسۇن؟ بۇ ئازابتىن كىم قۇتۇلالايدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: ئى مۇئاز ،بۇ الله ئاسانلاشتۇرغان كىشى ئۈچۈن بەكمۇ ئاسان.

ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئېيتتى: مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن قۇرئاننى مۇئازدەك كۆپ ئوقۇيدىغان كىشىنى كۆرمىدىم.

ئى ئىلىم ھەۋەسكارى بۇ خىسلەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ باققىن. بىلگىنكى: بۇ رەزىل ئەخلەقلارنىڭ يۈرەكتە بېكىنىپ قېلىشىدىكى بىردىن-بىر سەۋەب، ئىلىمنى بەسلىشىش ۋە پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىشتۇر. ساۋاتسىز كىشى بۇ ئەخلاقتىن تولىمۇ يىراق، ئەمما فەقىھ كىشى داۋاملىق بۇ ھالاكەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئوبدان ئويلانغىن. بۇ تراگېدىيەلىك خىسلەتتىن قانداق قۇتۇلۇشنى ۋە قەلبىڭنى قانداق تازىلاشنى، ئاخىرەتكە قانداق تەييارلىنىشنى ئۆگەنگىنىڭ مۇھىممۇ؟ ياكى كىبىرلىك، رىياكارلىق، ھەسەت، ئەجەبلىنىش قاتارلىق ناچار ئەخلاققا سەۋەب بولىدىغان ئىلىمنى ئىگىلىگەن ھالاك بولغۇچىلار بىلەن ۋەيران بولغىنىڭ مۇھىممۇ؟

بىلگىنكى: بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىللەت يۈرەكتىكى قەبىھ رەزىللىكنىڭ مەنبەسى، بۇنىڭ ئاساسلىق كۆچتى دۇنيانى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇنيانى ياخشى كۆرۈش پۈتكۈل خاتالىقنىڭ ئاساسى». مۇشۇنداق بولسىمۇ، دۇنيا-

ئاخىرەت تەييارلىقى ئۈچۈن بىردىن-بىر زىرائەتكار. ناۋادا دۇنيا قىزغىنلىقى بىلەن ئىنتىلسە بۇ ھالاكەت مەيدانىدۇر.

بۇ تەقۋادارلىق ئىلىم ھەققىدە قىسقىغىنە، يۈزەكى يولىيورۇق، بۇ ھىدايەت مۇقەددىمىسىدۇر. بۇنى سىناپ كۆرۈپ ئۆزۈڭنى كۆندۈرسەڭ، تەقۋالىقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا قانداق ئېرىشمەكچى بولغىنىڭنى خىيال قىلساڭ «دىنى ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى» ناملىق كىتابقا مۇراجەت قىلغىن.

قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى تەقۋالىق بىلەن بېيىتقىنىڭدا، اللە بىلەن ئاراڭدىكى تۇسما كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ساڭا مەرىپەت نۇرلىرى نامايەن بولىدۇ، قەلبىڭدىن ھېكمەت نۇرلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ، اللە نىڭ قۇدرەت كامالىتىنىڭ سىرلىرى ئايدىڭلىشىدۇ، ساھابە كىرام، تائىبىنلار دەۋرىدە بولمىغان كېيىنكى دەۋردىكى يېڭى ئىلىملارنى تۆۋەن ھېسابلايدىغان ئۇقۇم-قاراش ۋە بىلىملەر ئاسانلىشىدۇ.

ئىلىمنى رىيا، ئورۇنسىزمۇنازىرە، پايدىسىز گەپ-سۆز ئارقىلىق ئىگەللىسەڭ، بۇ سەن ئۈچۈن زور مۇسىبەت. ئۆزۈڭنى ئۇزۇن يىل چارچىتىدىكەنسەن، تولىمۇ خار-زەبۇن ھالدا ياشايدىكەنسەن، ئۇنداقتا خالىغىنىڭنى قىلغىن.

دىن بىلەن دۇنيا كۆزلىسەڭ، دىن ساڭا بويسۇنمايدۇ، ئاخىرەتتىن مەھرۇم قالىسەن. دۇنيانى دىن ئارقىلىق ئىزدىگەن كىشى ئىككىلىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ، دۇنيانى دىننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تاشلىغان كىشى ئىككىلىسىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. مانا بۇ اللەنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، چەكلىمىسىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن بىرگە، اللە بىلەن بولغان مۇئامىلە يۈزىلىشىگە باشلايدىغان ھىدايەت كەلىمىلىرىدۇر. تۆۋەندە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ھەمسۆھبەت بولۇش توغرىسىدا مۇھىم مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

# ئۈچىنچى قىسىم

# خالىق ۋە خالايىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە

# ھەمسۆھبەت توغرىسىدا

**( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن )**

بىلگىنكى، دەرھەقىقەت مۇقىم ھالەت، سەپەر، ئۇيقۇ، ئويغاق، ھايات ۋە مامات مەزگىللىرىدە سەندىن مىنۇت-سېكۇنت ئايرىلمايدىغان ھەمراھ خالىق سۇبھانەھۇ ۋەتائالادۇر. ئەسلىسەڭ غەمگۇزاردۇر.

اللە مۇنداق دەيدۇ: «مەن مېنى ئەسلىگەن كىشىنىڭ ھەمراھى، قاچان پەرۋەردىگارىمنىڭ ھەققىنى تولۇق رەۋىشتە ئورۇندىيالمىدىم دەپ قەلبىڭ غەمدىن سۇنسا، شەپقەت ساھىبىدۇر»

اللە ئېيتىدۇ: «مەن مېنى دەپ قەلبى سۇنغۇچىلارنىڭ قېشىدىمەن»

ھەقىقى رەۋىشتە اللەنى تونۇغان بولساڭ، كىشىلەرنى تاشلاپ اللەنى دوست تۇتقان بولاتتىڭ. پۈتكۈل ۋاقتىڭنى بېرەلىسەڭمۇ، كېچە-كۈندۈزنىڭ ئازراق ۋاقتىنى پەرۋەردىگار بىلەن مۇناجات ئەيلەپ، لەززەت ئالىدىغان قىلىپ بەلگىلىگىن. مۇشۇ ۋاقىتتا، پەرۋەردىگار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ئەدەبىنى ئۆگىنىش زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئەدەب-ئەخلاقلىرى تۆۋەندىكىچە: غەمنى بىر نۇقتىغا جۇغلاش، جىمغۇر بولۇش، تەسكىن-تەمكىن بىلەن ئولتۇرۇش، ئەمرگە بويسۇنۇپ، چەكلىمىدىن قول ئۈزۈش، تەقدىرگە كۆپ ئىنتىزار بىلدۈرمەسلىك، زىكرىنى كۆپ قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ھەقىقەتنى ئارتۇق بىلىش، ھايا بىلەن ئۆزىنى سۇندۇرۇش.

اللەنىڭ كېپىلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا، كەسپىنىڭ ھېيلىسىدىن قول ئۈزۈش، سەۋەب بىلەن اللەغا تەۋەككۇل قىلىش، مانا مۇشۇ خىسلەتلەر كېچە-كۈندۈز شوئارىڭ بولسۇن. بۇ سەندىن مىنۇت-سكۇنت

ئايرىلمايدىغان ساھىب بىلەن ئۆتكۈزىلىدىغان مۇئامىلە ئەدەب ـ ئەخلاقىدۇر. كىشىلەر سەندىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

ناۋادا ئالىم بولساڭ، ئالىم كىشىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقى كۆتۈرۈشچان، مۇلايىم، كىشىلەر بىلەن ئۇلتۇرغاندا كەمتەرلىك ۋە ھەيۋەت تۇيغۇسى بىلەن ئولتۇرىدۇ، مۇتەكەببىر بولمايدۇ. ( بىراق زالىملار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا زەجىر بولسۇن ئۈچۈن مۇتەكەببىرلىك قىلىش كېرەك.) سورۇن ـ ئەنجۇمەنلەردە كەمتەر بولۇش، ھەزىل چاقچاقلارنى قىلماسلىق. ئوقۇغۇچىغا مېھرىبان بولۇش، ئاجىزنىڭ دەردىنى ئاڭلاش، گۈزەل سۆزلەر بىلەن گالۋاڭ كىشىلەرگە تەربىيە بېرىش، ئاچچىقلانماسلىق. «بىلمەيمەن» دېگەن سۆزنى ئېغىر كۆرمەسلىك، سوئال سورىغۇچىغا دىققەت نەزىرى بىلەن قاراش، ئۇنىڭ سوئالىنى چۈشىنىش ، دەلىلنى قوبۇل قىلىش، ھەقىقەتكە بويسۇنۇش. ئوقۇغۇچىنى زىيانلىق ئىلىمدىن چەكلەش، نىيىتى دۇرۇس بولمىسا ئەدەپلەش. ئوقۇغۇچى«پەرز ئەيىن» بىلەن مەشغۇل بولماي، «پەرز كۇپايە»بىلەن مەشغۇل بولسا ئۇنى توسۇش. ئوقۇغۇچىنىڭ پەرز ئەيىن بىلەن شۇغۇل بولغانلىقى زاھىرى ۋە باتىنىنى تەقۋالىق بىلەن بېيىتقىنىدۇر. ئالىمنىڭ تەقۋالىق بىلەن سۈپەتلىنىشى پەرز ئەيىندۇر. شۇ ھالدا ئوقۇغۇچى ئالىمنىڭ سۆزـ ھەرىكىتىگە ئەگىشىدۇ.

ناۋادا ئوقۇغۇچى بولساڭ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازى بىلەن بولىدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاقى تۆۋەندىكىچە: ئاۋۋال سالام قىلىش، ئۇستازىنىڭ ھۇزۇرىدا گەپ ـ سۆزنى ئاز قىلىش، ئۇستازى سورىمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە گەپ قىلماسلىق، رۇخسەت قىلمىغۇچە سوئال سورىماسلىق، گېپىگە قارشى ھالدا پالانى كىشى مۇنداق دېگەن ئىدى دېمەسلىك، ئۆزىنىڭ قارشى پىكرىنى بايان قىلماسلىق (بۇنداقتا پىكرىم ئۇستازىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا توغرا ئىكەن دېگەن تۇيغۇ پەيدا بوپ قالىدۇ) سورۇندا باشقىلار بىلەن پىچىرلاشماسلىق، ئۇيان ـ بۇيان قارىماسلىق كېرەك، خۇددى نامازدا تۇرغاندەك تۈپتۈز، ئەدەپلىك ئولتۇرۇش لازىم. ئۇستازى مالال ھالدا كۆپ

سوئال سورىماسلىق، ئۇستاز ئورنىدىن قوپسا ئورنۇڭ ئوقۇغۇچىمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن قوپۇش، سوئال-سۆزلىرىگە قارىتا گەپ قىستۇرماسلىق، يولدا كېتىۋېتىپ مەنزىلگە بارغۇچىلىك سوئال سورىماسلىق، ئۇستازنىڭ بەزى زاھىرى قىلمىشلىرى خاتا بولسىمۇ، يامان گۇمان قىلماسلىق. چۈنكى بۇقىلمىشنى ئۇستاز ئۆزى ياخشى بىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىرغا ئېيتقان سۆزىنى ئەسلە. «مۇسا ئېيتتى: كېمىدىكى كىشىلەرنى غەرق قىلىش ئۈچۈن كېمىنى تېشىۋەتتىڭمۇ ؟ ھەقىقەتەن (يامان)ئىش قىلدىڭ». مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇيەردە ۋەقەنىڭ كۆرۈنىشىگە قاراپلا خاتا ئىنكار قىلغان.

ناۋادا ئاتا-ئاناڭ بولغان تەقدىردە بۇلار بىلەن بولغان ئەدەپ-ئەخلاق تۆۋەندىكىچە :

سۆزىنى ئاڭلاش، ئىشلىرىنى بېجىرىش، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، ئالدىدا ماڭماسلىق، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماسلىق، چاقىرىقىغا خوش دېيىش، رازى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش، ئاتا-ئانا ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلىش، قىلغان ياخشىلىق ۋە خىزمىتىگە مىننەت قىلماسلىق، ھومۇيۇپ قارىماسلىق، يۈزىگە قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرمەسلىك، رۇخسەتسىز سەپەر قىلماسلىق لازىم .

ئەمدى شۇنى بىلگىنكى، كىشىلەر ساڭا نىسبەتەن ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ :

1- دوست. 2- تونۇش. 3- ناتونۇش.

ناتونۇش ئاۋام كىشىلەر بىلەن بولغان ئەدەپ-ئەخلاق تۆۋەندىكىچە :

ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئارىلاشماسلىق، پىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالماسلىق، ئۇلارنىڭ ئەدەپسىز سۆزلىرىنى بىلمەسكە سېلىۋېلىش، ئۇلارغا كۆپ ئۇچرىشىش ۋە ھاجەتمەن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، قوبۇل قىلىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈپ قالسا ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشىغا سىلىق- سىپايىلىك بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش لازىم.

دوست ـ بۇرادەر توغرىلىق ئىككى خىل شەرتنى ھازىرلىشىڭ كېرەك:

1 ـ دوستلۇق، بۇرادەرلىك شەرتىگە لايىقلارنى ئىزدىگىن، قېرىنداشلىققا يارامىلىق كىشىلەرنى دوست تۇتقىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەر قانداق كىشى دوستىنىڭ دىنىدىدۇر(يولىدىدۇر). سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئارىلىشىدىغان كىشىلىرىگە قارىسۇن.»

ئۆگىنىشتە، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ھەمدەم بولىدىغان دوست ئىزدىگەندە، بەش خىل خىسلەتكە دىققەت قىلغىن:

1. ئەقىل.

ھاماقەت كىشىنى دوست تۇتساڭ ياخشىلىق يوق. بۇنىڭ ئاقىۋىتى يالغۇزلۇق ۋە ئايرىلىپ كېتىش بولىدۇ. ساڭا نەپ يەتكۈزىمەن دەپ زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئاقىل دۈشمەن ئەخمەق دوستتىن ياخشى.

ئەلى الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـ ـ
نادانىنى دوست تۇتمىغىن ئەسلا،
ھەزەر قىل ئۇنىڭدىن بەكلا،
تالاي نادانلار مۇلايىم بولۇپ،
يىقىتمىدىمۇ ۋاي دوستۇم دەپلا.

باھا بەر ئادەمنىڭ دوستىغا قاراپ،
ئىنسان دوستىغا ئوخشاش ھەر زامان،
پۈتكۈل شەيئىنىڭ ئوخششى باردۇر،
قەلب ـ قەلبگە دەلىلدۇر ھامان.

2. گۈزەل ئەخلاق

ئەخلاقى ناچار كىشىلەرنى دوست تۇتمىغىن. غەزەپلەنگەن ياكى شەھۋىتى قوزغالغاندا (نەپسىنىڭ ئومۇمي ھەۋىسى مەقسەت قىلىنغان) ئۆزىگە ئىگە بولالمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئەلقەمە ئەتارىد (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) سەكراتتا تۇرۇپ ئوغلىغا ۋەسىيەت قالدۇرغان: «ئوغلۇم، بىرەر كىشنى دوست تۇتماقچى بولساڭ، خىزمىتىنى قىلساڭ، سېنى قوغدايدىغان، ھەمراھ بولساڭ ساڭا زىننەت قوشۇلىدىغان، بېشىڭغا كۈن كەلسە قاچمايدىغان ئادەمنى دوست تۇتقىن. قولۇڭنى ياخشى ئىشلارغا سۇنساڭ تەڭ ھەمكارلىشىدىغان، سەندىن گۈزەل خىسلەت كۆرسە كۆز يۇمماي ماختايدىغان، يامانلىقنى كۆرسە چەكلەيدىغان كىشنى دوست تۇتقىن. سۆزۈڭنى تەستىقلايدىغان، بىر ئىشنى قىلماقچى بولغىنىڭدا ساڭا يولىيورۇق كۆرسىتىدىغان، تالاش-تارتىش قىلساڭ سىنى ئارتۇق بىلىدىغان كىشنى دوست تۇتقىن.»

ئەلى -اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن-
ھەقىقى دوست سەن بىلەن بىرگە،
يەتكۈزىدۇ پايدا ،زىيان ئۆزىگە،
گەرچە ھايات بۇزسمۇ ئارىنى،
ئارتۇق بىلۇر سىنى،قارىماي غەيرىگە.

3. ئىستىلى سالىھ بولۇش.

كەبىر گۇناھنى تاشلىمايدىغان كىشنى دوست تۇتمىغىن. اللەدىن قورقىدىغان كىشى كەبىر گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرمايدۇ. اللە دىن قورقمىغان كىشىنىڭ سالاھىيتىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزگىرىدۇ. اللە مۇنداق دەيدۇ:«ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى(يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى)دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن. بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن». [سۈرە كەھف 28- ئايەت]

پاسىقتىن ھەزەر ئەيلىگىن. داۋاملىق پاسىقنىڭ گۇناھ بىلەن شۇغۇللانغانلىقنى كۆرۈپ، قەلبىڭنىڭ گۇناھتىن ئىنىدىكمەيدىغان، سەل قارايغان تۈيغۇدا بولۇپ قالغانلىقنى ھېس قىلىسەن. كىشلەر دائىم

غەيۋەت بىلەن بىرىكىپ كەتكەچكە بۇنىڭغا سەل قارايدۇ. بىرەر ئۆلىمانىڭ ئۈچىسىدا يىپەك كىيىم ياكى ئالتۇن ئۈزۈك كۆرسە، دەرھال يامان كۆرىدۇ. بىراق بۇنىڭدىن غەيۋەتنىڭ جىنايىتى ئېغىر ئەمەسمۇ؟

4. ئاچكۆزلۈك (پۇلغا ئامراق)

دۇنياغا ھېرىسمەن كىشىنى دوست تۇتمىغىن. بۇنى دوست تۇتۇش زەھەرلىك ئوغا. چۈنكى ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى دورامچىلىقنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. بەلكى بىلمەيلا قالسەن، خاراكتېر خاراكتېرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ھېرىسمەن بىلەن ئولتۇرۇش-قوپۇش سېنىڭ ھېرىسمەنلىكىڭنى ئاشۇرىدۇ. زاھىد، تەقۋا كىشىنى دوست تۇتۇپ، ھەمسۆھبەت بولساڭ، تەقۋالىقىڭ زىيادە بولىدۇ.

5. راستچىللىق.

يالغانچىنى دوست تۇتما، ئالدىنىپ قالسەن. ئۇ خۇددى ۋىل-ۋىلغا ئوخشايدۇ، ساڭا يېقىننى يىراق، يىراقنى يېقىن قىلىپ كۆرستىدۇ .

يۇقىرىقى ئېىسل سۈپەتلەر مەكتەپ، ھەرخىل سورۇن ۋە مەسجىدتىكى ھەر ساھە كىشلىرىدە ئومۇمەن تېپىلىشى ناتايىن، ئۇنداقتا سەن ئىككى خىل يۈنىلىشتە ماڭغىن.

بىرىنچىسى: يەككە، يالغۇزلۇقنى تاللىغىن، بۇ ھەر جەھەتتىن پايدىلىق. دوستلارنىڭ ئىزگۈ خىسلەتلىرىگە قارىتا مۇئامىلە قىلغىن. بۇنداق بولغاندا دوست ئۈچ خىل بولىدۇ.

1. قىيامەتلىك دوست، بۇنىڭ دىن-دىيانىتىگە قارىغىن.

2. دۇنيالىق دوست، بۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا قارىغىن.

3. ئۈنسى-ئۈلپەت ئىلىشدىغان دوست، بۇنىڭ ناچار قىلمىشى ۋە يامانلىقىدىن ساقلىنالىساڭ كۇپايە.

ئومۇمىي كىشلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1. يېمەك-ئىچمەككە ئوخشايدۇ، بۇنىڭدىن قول ئۈزمەسلىك كېرەك .

2. دورىغا ئوخشايدۇ، بۇنى ئېھتىياج چۈشكەندە ئىزدەش لازىم.

3. زەھەرگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا ئىنساننىڭ ھاجىتى چۈشمەيدۇ، بىراق بەزىدە بۇنىڭ بىلەن سىنىلىدۇ. بۇنىڭدا قىلچە نەپ يوق، قۇتۇلۇش ئۈچۈن مادارا قىلىپ قويۇش لازىم. ناۋادا كۆرۈشكە نىسىپ بولسا بۇنىڭدىن زور ئىبرەت ئالسەن، ئۇنىڭ يۈرەك يىرگىنىدىغان قەبىھ قىلمىشنى كۆرىسەن. مۆئمىن مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر، باشقىلار ئارقىلىق نەسىھەت قىلىنغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا مۇسا ئەلەيھىسسالام سىنى كىم ئەدەپلىك قىلىپ تەربىيىلىگەن؟ دېگەندە، «مېنى ھېچكىم تەربىيىلىمىگەن، بىراق نادانىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى كۆرۈپ ئۇ ئىشتىن قول ئۈزگەن ئىدىم» دېگەن ئىكەن.

كىشىلەر باشقىلارنىڭ ناچار قىلمىشلىرىدىن قول ئۈزگەن بولسا، بۇلارغا تەربىيىلىگۈچىمۇ كەتمەي، ئەخلاقى كامالەت تاپقان بولاتتى .

ئىككىنچىسى: دوستلۇق ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش لازىم. قاچان دوستلۇق رىشتىسى باغلانسا، سەن بىلەن دوستۇڭ ئارىسىدا ئۈلپەت ھاسىل بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۈنسى-ئۈلپەت قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشىڭ كېرەك .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىككى كىشى ھەمراھ بولسا، الله بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆيۈمچانراقىنى ياخشى كۆرىدۇ.»

## ھەمراھلىق ئەدەپ-ئەخلاقى

پۇل-مېلى بولمىغان تەقدىردە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، جىسمانىي ياردەمگە موھتاج بولسا، دەرھال تەلەپ قىلىشنى كۈتمەستىنلا ياردەم قىلىش؛ ھەمراھىنىڭ سىرلىرىنى يوشۇرۇش، ئەيىبىنى يېپىش؛ كىشىلەرنىڭ قىلغان يامان ئۆسەك سۆزلىرىنى يەتكۈزمەسلىك، باشقىلارنىڭ ئوقۇغان ئاپىرىنىنى يەتكۈزۈش؛ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىش، گۇمانلانماسلىق؛ ياخشى كۆرگەن ئىسىم بىلەن چاقىرىش، گۈزەل ئەخلاقىغا ئاپىرىن ئوقۇش، قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش. غەيۋەتتە قىلىنسا ئۆزىنى ئاسرىغاندەك مۇداپىئە قىلىش، يامان ئىستىلى كۆرۈلسە مۇلايىملىق

بىلەن نەسىھەت قىلىش، ئېزىپ قالغان بەزى قىلمىشلىرىغا كايىماي ئەپۇ قىلىش، ھايات ۋە مامات ھالىتىدە داۋاملىق دۇئا قىلىش، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆرۈق-تۇغقان ۋە ئائىلىسىگە ۋاپادارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش. دوستىدىن قىيىن ئىش كۈتمەسلىك؛ خۇشاللىقىغا خۇرسەن بولۇش، مۇسىبەتلىرىگە قايغۇرۇش؛ دوستلۇقتا ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن سادىق بولۇش، كۆرۈشكەندە ئاۋۋال سالام قىلىش، ئەنجۇمەن - سورۇنلاردا ئورۇن بوشىتىش، ئورنىدىن تۇرغاندا ئۇزۇتۇش، سۆز قىلسا جىم تۇرۇپ ئاڭلاش، گەپ- سۆزىگە قوشۇق سالماسلىق. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىشنى ياخشى كۆرسە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىش. ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دوستىغا ياخشى كۆرمىسە، بۇ نىفاقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر، دۇنيا-ئاخىرەت ۋابالى بولۇر. بۇ قېرىنداش، دوستلار ۋە ناتونۇش ئاۋام بىلەن بولغان ئەدەپ-ئەخلاق مىزانىدۇر.

ئۈچىنچىسى: تونۇش كىشىلەر بولۇپ، بۇلاردىن يىراق تۇرغىن. يامانلىق تونۇش كىشىلەردىن كېلىدۇ. دوست ساڭا ياردەم بېرىدۇ، ناتونۇش ساڭا ئۇچراشمايدۇ، پۈتكۈل يامانلىق تىلى بىلەن دوستانىلىك ئىپادىلەيدىغان تونۇشلاردىن كېلىدۇ. ئامال بار تونۇشنى ئاز تۇتقىن. ناۋادا مەسجىد، ئۇنىۋېرسىتېت، مەدرىسە، بازار، شەھەرلەردە ئاۋام بىلەن سىنىلىپ قالساڭ ھېچبىر كىشىگە تۆۋەن كۆزۈڭ بىلەن قارىما. بەلكىم ئۇ سەندىن ياخشى بولىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بايلىق ھالىتىنى كۆرۈپ، ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارىما، بالاغا گىرىپتار بولىسەن. چۈنكى دۇنيا اللە نىڭ نەزىرىدە بەكمۇ تۆۋەن نەرسىدۇر. قاچان بايلار كۆزۈڭگە چوڭ كۆرۈنسە، اللە نىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسەن. ئۇلارنىڭ بايلىقىنى كۆزلەپ دىنىڭنى سېلىپ بەرمە. بۇ چۈپەيلىكنى پەقەت بايلارنىڭ كۆزىگە كىچىك كۆرۈنگەن كىشىلا قىلىدۇ، شۇنداقلا مەھرۇم قالىدۇ. سەن بىلەن قارشىلاشسا ھەرگىزمۇ قارشىلاشما، سەبىر قىلىپ بولالمايسەن، دىنىڭ زايە بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەت قىيىنىلىسەن. بايلار ساڭا ئىكرام قىلغان

ياكى ماختىغان، دوستلۇق ئىزھار قىلغان ۋاقىتتا مايىل بولۇپ كەتمىگەن. بۇلارنىڭ بىر پىرسەنتىدىمۇ دوستلۇق ماھىيىتى يوق. بايلار ئاشكارا-يوشۇرۇن ۋاقىتتا ئوخشاشمىكى دەپ ئويلىما، ئۇلار يوق يېرىڭدە ئەيىبلىسە ھەيران بولما ۋە ئاچچىقلانما. ھاياتقا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. بۇنداق ئەھۋال ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەر، بەلكىم ئۇستاز ۋە ئاتا- ئانائىدىنمۇ تېپىلىدۇ، سەنمۇ يۈزتۇرانە دېيەلمەيدىغان سۆزلەرنى يوق ۋاقىتدا دەپ سالىسەن. بايلارنىڭ مال-دۇنيا، مەنسەپ-ياردەملىرىنى تەمە قىلمىغىن. كۆپىنچە تەمەخورنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي رەسۋا بولۇپ قالىدۇ. بىر كىشىگە موھتاج بولۇپ ئۇ ئورۇنداپ بەرسە، الله غا شۈكرى ئېيتقىن، شۇ كىشىگىمۇ رەھمەت ئېيتقىن. ناۋادا ئورۇندىيالمىسىمۇ كايىپ كەتمىگىن، باشقىلارغا شىكايەت قىلىپمۇ يۈرمە، ئاداۋەت بولۇپ قالىدۇ. مۆئمىن كىشىدەك ئۆزرە قوبۇل قىلىدىغان بولغىن، ھەرگىزمۇ مۇناپىقتەك باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەيدىغان بولما. «بەلكىم مەن ئۇقمايدىغان ئۆزرە بولسا كېرەك، شۇڭا ئورۇندىيالمىدى» دەپ ئويلىغىن. بايلاردىن قوبۇل قىلىش ئېھتىمالى كۆرۈنمىگەن تەقدىردە ھېچ بىرسىگە ۋەز-نەسىھەت قىلمىغىن، سۆزۈڭنى ئاڭلىمايدۇ، ساڭا ئاداۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر بىراۋ بىرەر مەسىلىدە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشىنى ياقتۇرمىسا، يول كۆرسىتىپ تەلىم بەرمىگىن، ئىلىمىڭ تۆپەيلى ساڭا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. بىراق بىلمەستىن قىلىپ سالغان گۇناھ بولسا چىرايلىقچە مۇلايىم ھالدا ھەقنى بايان قىلىپ قويغىن. ئۇلاردىن ھۆرمەت-شاراپەت كۆرسەڭ سېنى ئۇلارغا ياخشى كۆرسەتكەن الله غا شۈكۈر ئېيتقىن. ئۇلاردىن يامانلىق كۆرسەڭ، الله قا تاپشۇرغىن. ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن، كايىپ كەتمىگىن. ئۇلارغا «نېمىشقا مىنىڭ ھەقىقىتىمنى بىلمىدىڭلار ؟ مەن پالانىنىڭ بالىسى پالانى ئەمەسمۇ ؟ مېنىڭ ئىلمىم مۇنداق كاتتا» دېگەندەك ھاماقەتلەرنىڭ سۆزلىرىنى دەپ يۈرمىگىن. ئۆزىنى ماختىغان كىشىلەر تولىمۇ ھاماقەت

ئادەملەردۇر.

شۇنى بىلگىنكى، اللە سېنىڭ مەلۇم گۇناھىڭ تۈپەيلى ئۇلارنى ساڭا مۇپتىلا قىلغان، اللە تىن كەچۈرۈم تىلىگىن. بۇ ساڭا بېرىلگەن اللە نىڭ ئازابى. بايلارنىڭ ھەق سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ناھەق ئورۇنسىز گەپلىرىگە گاس بولۇۋېلىپ، گۈزەل ئەخلاقلىرىنى بايان قىلغىن، رەزىل سۈپەتلىرىدىن تىلىڭنى تارتقىن. دەۋرنىڭ بولۇپمۇ ئىختىلاپ بىلەن ئاۋارە پەقىھلاردىن ھەزەر قىلغىن. ساڭا ھەسەت كۆزى بىلەن قارايدۇ ، گۇمانلىنىدۇ ، كۆز قىسىدۇ ، ئۆزئارا سېنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىڭنى دېيىشىدۇ. مۇنازىرە قىلىشقاندا ياكى ئاچچىقى كەلگەندە ئالدىڭغا قويىدۇ، خاتالىقىڭنى كەچۈرمەيدۇ، ئەيىبىڭنى يوشۇرمايدۇ، چوڭ-كىچىك ھەممە ئىشلىرىڭدىن ھېساب ئالىدۇ، ئاز-كۆپ ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىڭغا ھەسەت قىلىدۇ، قوللىغۇچىلىرىنى ساڭا قارشى بوھتان، ئۆسەك سۆز، سۇخەنچىلىك قىلىشقا ئۈندەيدۇ .

‹رازى بولسا زاھىرى خۇشامەت ، نارازى بولسا باھى نەپرەت›

تاشقى ھالىتى كىيىم، ئىچكى ماھىيتى بۆرىدۇر . مانا بۇ ئازغىنە اللە ساقلىغان كىشلەردىن باشقا، كۆپىنچە كۆرۈلگەن ئەمەلى رىئاللىق. بۇلارنىڭ سۆھبىتى ھالاكەت، مۇئامىلە خار- زەبۇنلۇقتۇر. ساڭا ساداقەتمەنلىك ئىزھار قىلغان كىشىنىڭ تۇرقى بۇ بولسا، ئۆچ كىشىنىڭ ھالىتى نېمە بولۇر؟ شائىر ئېيتقاندەك بولغىن :

ھەزەرقىل دۈشمەندىن ئارىلاپ،
ئېھتىيات! ئېھتىيات!دوستتىن مىڭلاپ.
ناۋادا دوست ئۆزگىرىپ قالسا،
بەكمۇ بىلۇر زىيانىنى ئۆتمۈشكە قاراپ.
باشقا بىر شائىر يەنە مۇنداق دېگەن:
دۈشمىنىڭ پايدىلىنۇر يارۇ- دوستتىن،
مۇشۇ ۋەجدىن كۆپ تۇتمىغىن يارەنلەرنى.

دەر ھەقىقەت كۆپىنچە كېسەل دېگەن ،
پەيدا بولۇر يېگەنلىكتىن تائاملارنى.
ياكى بەزى دانىشمەنلەر ئېيتقاندەك بولغىن.

دوست-دۈشمىنىڭگە داۋاملىق رازى كۆرۈنۈشتە مۇلاقات بولغىن. ئۆزۈڭنى خار تۇتماي ياكى بەك غادىياۋالماي، كەمتەرلىك بىلەن ئۇچراشقىن. پۈتكۈل ئىشلىرىڭدا نورمال بولغىن. بىر ئىشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ياخشى بولمايدۇ، ئۇيان-بۇيانغا تولا قارىمىغىن. كۆپچىلىكنىڭ قىشىغا كېلىپ تۇرمىغىن. ناۋادا ئولتۇرۇپ قالساڭ، باشقىلارنى بىئارام قىلمىغىن. قوللىرىڭنى كىرىشتۈرمىگىن. ساقال، ئۆزۈكلىرىڭنى ئوينىمىغىن. بۇرۇن-چىشلىرىڭنى كوچىلىمىغىن. كۆپ مىشقىرىپ، تۈكۈرمىگىن. يۈزۈڭدىن تولا چىۋىن قورىمىغىن، باشقىلارغا قاراپ ئەسنەيدىغان، كېرىلىدىغان ئىشلارنى قىلمىغىن. ناماز ۋە باشقا چاغلاردىمۇ بۇنداق قىلىشتىن ساقلانغىن.

ئولتۇرۇشۇڭ تىنچ، سۆزۈڭ رەتلىك بولسۇن. باشقىلار ياخشى سۆز قىلسا زىيادە ھەيران قالماستىن گېپىگە قۇلاق سالغىن، قايتا تەكرارلاشنى تەلەپ قىلمىغىن. ھېكايە، كۈلكىلەردىن ساقلانغىن. بالاڭ، شېئىرىڭ، سۆز ۋە ئىجادىيىتىڭ ھەم ئۇنىڭدىن باشقا خۇسۇسىيەتلىرىڭ ھەققىدە ماختانمىغىن.

ئاياللاردەك ياسانچۇق بولمىغىن، قۇللاردەك ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمىگىن. كۆپ سۈرمە ۋە ماي ئىستېمال قىلمىغىن. ھاجىتىڭنى دەپ چىڭ تۇرۇۋالمىغىن. بىرەر كىشىنى زۇلۇمغا قىزىقتۇرمىغىن. خوتۇن، بالا-چاقىلىرىڭغا، بولۇپمۇ باشقىلارغا مال-دۇنيارىڭنىڭ سانىنى دەپ يۈرمىگىن. مىلىك ئاز بولسا سىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، كۆپ بولسا رازى قىلىپ بولالمايسەن.

قوپاللىق قىلماستىن سۈرلۈك بول، ئاجىزلىقنى ئىپادىلىمەستىن يۇمشاق بول. قۇل دېدەكلىرىڭگە (خىزمەتچىلىرىڭ، قول ئاستىڭدىكى كىشىلەرگە)

چاقچاق قىلمىغىن، ھۆرمىتىنى ۋە ھەيۋىتىنى چۈشۈپ كېتىدۇ. غەزىپىڭ تاشسا ئالدىراڭغۇلۇق ۋە نادانلىقتىن ساقلانغىن، دەلىلىڭنى ئوبدان ئويلانغىن. قولۇڭنى تولا شىلتىما، ئارقاڭدىكى كىشىلەرگە قارىما، تىزلىنىپ ئولتۇرما، ئاچچىقىڭ پەس كويغا چۈشسە ئاندىن سۆزلە. ناۋادا ھاكىم، مەنسەپدارلار قېشىغا تارتىپ قالسا، نەيزىنىڭ ئۇچىدەك ھوشيار بولغىن. بۇلارغا قارىتا كەچۈرۈمچان بولما، بۇ غايەت زور جىنايەت. پۇل-مېلىڭنى يۈز-ئابرويىڭدىن ئارتۇق بىلمىگىن.

# ئاخىرقى سۆز

ئى يىگىت! «ھىدايەت قوللانمىسى»توغرىلىق مۇشۇنچىلىك بايان كۇپايە قىلار، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى سىناپ باققىن. بۇ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1- تائەت-ئىبادەت قىسمى.

2- گۇناھىي قىلمىشلاردىن چەكلىنىش قىسمى.

3- كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقە-مۇناسىۋەت قىسمى. ( بۇ ئۈچىنجى قىسىم خالىق ۋە خالايىق بىلەن بولغان ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)

بۇنى ئۆزۈڭگە مۇناسىپ بىلسەڭ، قەلبىڭ قىزىقىش ۋە مايىللىق ھېس قىلسا، سەن الله قەلبىڭنى ئىمان بىلەن نۇرلاندۇرغان، كۆڭلۈڭنى ساپ قىلغان بەندە ئىكەنسەن. بۇ باشلىنىشنىڭ نىھايەت ئاخىرى بولىدۇ. ئارقا كۆرۈنۈشىدە نۇرغۇن سىر-ئەسرارلار ۋە چوڭقۇر ھېكمەتلىك ئىلىملەر بار. بۇنى «دىنىي ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى» ناملىق كىتابىمىزدا قالدۇردۇق، ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇنغىن.

ناۋادا قەلبىڭ بۇ ئىشلارنى ئېغىر كۆرسە، بۇ تۈردىكى ئىلىمنى كۆپ چاغلىسا، «ئۆلىمالار سورۇنىدا قانداقمۇ پايدا يەتكۈزسۇن؟ تەڭتۇشلاردىن قاچان ئېشىپ كەتكىلى بولىدۇ؟ ئەمىر-ۋۇزرالار سورۇنىدا قانداقمۇ

مەنسەپكە ئېرىشكىلى بولسۇن؟ پۇل-مال، ئىماملىقنى قانداقمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولسۇن؟» دېگەندەك چۈپەي خىياللاردا داۋراڭ قىلسا، سېنى شەيتان لەنتى ئازدۇرۇپ، ئاخىرەت كۈننى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. ئۇنداقتا ئۆزۈڭگە ئوخشاش ئارزۇ-ئىستەكلىرىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان مۇئەللىم شەيتاندىن بىرنى ئىزدىگىن. بۇ ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ شەھەر ۋە يېزاڭدىن تاشقىرى چەت مەھەللىدىكى مۆلۈكۈڭمۇ شۈبھەدىن خالىي بولالمايدۇ. پەرۋەردىگار اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى قىممەتلىك، دائىملىق ئۆزۈلمەس نېمەتتىن قۇرۇق قالىسەن.

بىزگە اللە كۇپايە، اللە نېمە دېگەن ياخشى ئىگە ھە!

ئاللەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا مەدھىيە بولسۇن، اللە رەھبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلە تاۋابىئاتىغا، پىداكار، جەڭگىۋارساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن، قىيامەت كۈنىگىچە تۈمەنلەپ سالام بولسۇن!